جۇڭگو - چەت ئەل مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش

لېف . تولستوي

# ھاياتنىڭ ئارزۇلىغۇچىلىكى بارمۇ




شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ھاياتنىڭ ئارزۇلىغۇچىلىكى بارمۇ

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

جۇڭگو - چەت ئەل مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش

ھاياتنىڭ ئارزۇلىغۇچىلىكى بارمۇ



ISBN 978-7-80744-967-6
9 787807 449676 >
总定价：25.00 元 ( 全二册 )

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

جۇڭگو ـ چەت ئەل مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش

# ھاياتنىڭ ئارزۇلىغۇچىلىكى بارمۇ (1)

## ـــ لېۋ . تولىستوي ھېكمەتلىرىدىن كۆڭۈلگە بىر ئەقىل

ئاپتورى: لېۋ . تولىستوي [روسىيە]
تەرجىمە قىلغۇچى: ئەركىن ئىبراھىم پەيدا

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**مەجمۇئە ئىسمى:** جۇڭگو ـ چەت ئەل مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىش
**كىتاب ئىسمى:** ھاياتنىڭ ئارزۇلىغۇچىلىكى بارمۇ (1)
—— لېف.تولستوي ھېكمەتلىرىدىن كۆڭگە بىر ئەقىل
**پىلانلىغۇچى:** ئەركىن ئىبراھىم پەيدا
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** مەرھابا مۇھەممەت
**تەكلىپلىك مۇھەررىرى:** ئەركىن نۇر
**مەسئۇل كوررېكتورى:** دىلنۇر ئابدۇراخمان
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
**مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى:** ئايبارىس ستۇدىيىسى
**نەشرىيات:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830000
**تېلېفون:** 0991−4690106
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**زاۋۇت:** ئۈرۈمچى جىڭسەي ياڭگۇاڭ باسمىچىلىق ئوراپ قاچىلاش چەكلىك شىركىتى
**فورماتى:** 1230 × 880 م م 1/32
**باسما تاۋىقى:** 6.5

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

# كىرىش سۆز

بۇ ئىدىيىلەرنى مەن نۇرغۇن ئەسەر ۋە توپلاملاردىن ئالدىم ، گەرچە ئۇلارنى قايسى كىتابتىن ئالغانلىقىمنى ئەسكەرتمىگەن بولسامۇ ، لېكىن ھەربىر ئىدىيىنىڭ ئاستىغا ئەسلىي ئاپتورىنى ئىزاھلاپ قويدۇم . بۇ ئىدىيىلەرنى ئەسلىي ئەسەرلەردىن تەرجىمە قىلمىدىم ، بەلكى ئۆزۈم پىششىق بىلىدىغان تىلدىكى تەرجىمە نۇسخىسىدىن پايدىلاندىم . شۇڭا مەن تەرجىمە قىلغان مەزمۇنىنىڭ ئەسلىي ئەسەردىكى مەزمۇنلار بىلەن پۈتۈنلەي ماس كېلىپ كېتىشى ناتايىن . مەن نېمىس ، فىرانسۇز ، ئىتالىيان مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئىدىيىلىرىنى تەرجىمە قىلغاندا ئەسلىي ئەسەرگە قاتتىق رىئايە قىلىپمۇ كەتمىدىم ، بەلكى تېخىمۇ ئاددىي ۋە تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولۇشىنى كۆزلەپ ئايرىم ئىبارىلەرنى قالدۇرۇۋەتتىم . كىتابخانلار بەلكىم بۇ ئىدىيىنى پاسكال ياكى روسسو ئەسلىدە ئۇنداق يازمىغان ، ئېھتىمال ئۆزىڭىزنىڭ ئىجادىيىتى بولسا كېرەك ، دېيىشى مۇمكىن . ھالبۇكى ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى ۋارىيانتلاشقان شەكىلدە يەتكۈزۈپ بېرىش خاتا بولمىسا كېرەك ، دەپ ئويلايمەن . شۇڭا ، ئەگەر كىمدەكىم بۇ كىتابنى باشقا بىر خىل تىلغا تەرجىمە قىلماقچى بولسا ، شۇنداق تەكلىپ بېرىمەنكى ، ئەنگلىيىلىك شائىر سامۇيىل تايلور كولىدزى ، نېمىس پەيلاسوپى كانت ياكى فىرانسىيە يازغۇچىسى روسسونىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئەسلىي مەتىنلەرنى ئىزدەپ يۈرمىسۇن . بەلكى بىۋاسىتە مېنىڭ ئەسىرىم بويىچە تەرجىمە قىلسۇن . بۇ ئەسەردىكى بەزى پىكىرلەر ئەسلىي ئەسەردىكىگە ئانچە ئۇيغۇنلى-

شىپ كەتمەيدۇ . بۇنىڭدا يەنە مۇنداق بىر سەۋەبمۇ بار : بەزىدە
ئۇزۇن ھەم مۇرەككەپ تېكىستلەردىن ئۇزۇۋېلىشقا توغرا كەلگەندە ،
ئەسلىي مەنىنى ئېنىق ھەم چۈشىنىشلىك ئىپادىلەش ئۈچۈن ، بەزى
ئىبارىلەرنى ئازدۇر - كۆپتۇر ئۆزلەشتۈرۈشكە توغرا كەلدى . بەزى-
دە پۈتۈنلەي ئۆز تىلىمغا ئايلاندۇرۇۋەتتىم . بۇنداق قىلىشىم ، باشقا
يازغۇچىلارنىڭ ئىدىيىلىرىنى جۈملىمۇجۈملە ئاغدۇرۇپ چىقىشنى
مەقسەت قىلغانلىقىمدىن ئەمەس ، بەلكى ئوخشاشمىغان يازغۇچىلار-
نىڭ ئىجادىيىتى بولمىش بۈيۈك ھەم نەتىجىلىك بۇ بىلىم مىراسلى-
رى ئارقىلىق ناھايىتى كەڭ كىتابخانلار توپىغا ھەر كۈنى ئوقۇپ
ئۆز - ئۆزىنى يەڭگىللىتىۋالىدىغان ئۈگۈتلەرنى تەمىن ئېتىش ھەم-
دە بۇ كىتاب ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەڭ ئېسىل ئىدىيە ۋە ھېسسىياتى-
نى ئويغىتىش .
بۇ كىتابىمنى تەييارلاش جەريانىدا ، ئىلگىرىكى نەشر نۇسخىلى-
رىنى تولۇقلاش ۋە ئۆزگەرتىش يۈزىسىدىن ئۇلارنى كۆز ئالدىمدىن
ھەربىر ئۆتكۈزگىنىمدە ، كۈچلۈك مېھىر - مۇھەببەت ۋە يۈكسەك
تۇيغۇ ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىۋالدى . شۇڭا بۇ كىتابىنىڭ ئوقۇرمەنلىرى-
نىڭمۇ ئوخشاش تەسىراتقا كېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن

لېۋ . تولىستوي

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# خەنزۇچە نەشرىگە كىرىش سۆز

بۇ كىتاب روسىيىلىك مەشھۇر يازغۇچى لېف . تولستوينىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مۇھىم ئەسىرى . تولستوي ئەڭ ئاخىرقى چارەك ھاياتىنى «نەچچە ئەسىرلىك ئەقىل دۇردانىلىرىنى توگۈپ كۆپچىلىكنىڭ ئوقۇشىغا باب كېلىدىغان بىر كىتاب قىلىش»تەك بىر بۈيۈك ئارمان بىلەن ئۆتكۈزگەن . «ھاياتنىڭ ئارزۇلىغۇچىلىكى بارمۇ — تولستوي ھېكمەتلىرىدىن كۈنگە بىر ئەقىل» (1) دېگەن بۇ كىتابنىڭ روياپقا چىقىشى ئۇنىڭ بۇ خىيالىنىڭ ئاخىر ئەمەلگە ئاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ . بۇ كىتاب ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى يۈرەك قېنىنىڭ جەۋھىرى . 1904 — 1910 ـ يىللاردا ، ئۇ بۇ كىتابقا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئۈچ قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزىدۇ . بۇ كىتاب ئۇنىڭ ئەرمىكى بولۇپ قالىدۇ . ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاداققى مەزگىللىرىدە بۇ كىتابنى ھەمىشە ھۇزۇر بىلەن ئوقۇپ تۇرىدۇ .

19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ، تولستوي مۇشۇنداق بىر كىتابنى يېزىش ئويىغا كېلىدۇ . 1884 ـ يىلى ، ئۇ «پېشىۋا مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىدىيىۋى جەۋھەرلىرىدىن كۈنگە بىر ئۆگۈت» دېگەن كىتابنى پۈتتۈرىدۇ . بۇ ئۇنىڭ «ئەقىل ـ پاراسەت روزنامىسى» دەيدىغان مۇشۇنداق بىر ئۇقۇمنى تۇنجى قېتىم يازما شەكىلدە ئىپادە قىلىشى ئىدى . ئۇ شۇ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى كۈندىلىك خاتىرىسىگە : «مەن ئۆزۈمگە بىر يۈرۈش ئوقۇشلۇق تۈپلىشىم كېرەك ، بۇ ئوقۇشلۇقلار ئېپىكتېت (Epiktetos تەخمىنەن 66 — ؟ قەدىمكى رىمنىڭ ستوئىكا ئېقىمىغا مەنسۇپ پەيلاسوپ ) ، مارك ئاۋرېلىيۇ (قەدىمكى رىم پادىشاھى ، يېڭى ستوئىكا ئېقىمىدىكى پەيلاسوپ ) ، لاۋزى ، ساكيامۇنى ، پاسكال قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ، جۈملىدىن ‹يېڭى ئەھد ـ زەبۇر › نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك . ھەممە ئادەم بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇشى زۆ-

رۇر» دەپ يازىدۇ. 1885 ـ يىلى، ئۇ ياردەمچىسى چېرنىكوۋغا يازغان بىر پارچە خېتىدە: «شۇنىسى ئېنىقكى، سوقرات، ئېپىكتېت، ئارنولد پاكقا ئوخشاش بۈيۈك مۇتەپەككۇرلار بىلەن پىكىرلىشىش بىر ئادەمنىڭ ئىچكى ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرىدۇ ھەمدە ئادەمگە خاتىرجەملىك، بەخت ئاتا قىلىدۇ. ئۇلار بىزگە رەھىمدىللىك، ياشاشنىڭ مەنىسى ھەمدە ئەخلاقىي پەزىلەتكە مۇناسىۋەتلىك ئەڭ مۇھىم ساۋاقلارنى بېرىدۇ… مەن مۇشۇنداق بىر كىتابنى يېزىش ئۈمىدىدىمەن. بۇ كىتابتا، بىز كىشىلەرگە ھاياتنىڭ چىن مەنىسىنى ئېيتىپ بېرىشىمىز، ياشاش يولىنى كۆرسىتىپ بېرىشىمىز كېرەك» دەيدۇ.

بۇ بۈيۈك نامايەندىلەرنىڭ ئىدىيىلىرىنى يىغىشقا تولستوي چارەك ئۆمرىنى سەرپ قىلىدۇ. 1902 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 1903 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇ ئويلىغانلىرىنى قەلەمگە ئېلىشقا باشلاپ، تاكى 70 ياشتىن ئېشىپ كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانغا قەدەر داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ چاغلاردا، ئۇ ھاياتنىڭ مەنىسى ۋە ئۆلۈم ئۈستىدىكى چوڭقۇر ئويلىنىشلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۆزى «كۈنگە بىر ئەقىل» دەپ ئاتىغان بۇ كىتابنىڭ ماقالىلىرىنى پائال تەھرىرلەشكە كىرىشىپ كېتىدۇ. ئەسەر ئورىگىنالىنى نەشرىياتقا تاپشۇرغان ۋاقىتتا، ھاياجىنىنى بېسىۋالالمىغان ھالدا كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق يازىدۇ: «مەن دۇنيادىكى ئەڭ نادىر، ئەڭ ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇدۇم، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئەقلى ۋە ئىدىيىلىرىنى ئۆز ‹ئوقۇرمەنلىرىم› گە توپلىدىم. بۇ ھال مەنئۇبىيىتىمنى يۈكسەلدۈرىدۇ، ئەخلاقىي پەزىلىتىمنى تېخىمۇ ئۆستۈرىدۇ دەپ ئويلايمەن». تولستوي كىتابتىكى ئىدىيىۋى پاراسەتلەر ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ھاسىلاتلىرىنى زىروزنامىسىگە يېزىپ قالدۇرۇشنى ئېسىدىن چىقارمايدۇ. ھالبۇكى، ئۇ «دۇنيادىكى ئەڭ ئەقىللىق كىشىلەر بىلەن پىكىر ـ ھېسسىيات ئالماشتۇرۇشتىنمۇ قىممەتلىك يەنە بىر ئىشمۇ بارمىدۇ؟» دېگەن بۇ پىكىرنى كۆپرەك تىلغا ئالىدۇ. خۇددى تولستوي ھەمىشە ئۆز كەسپداشلىرى ۋە دوستلىرىغا ئېيتىپ بەرگەنگە ئوخشاش:

«توپلىنغان مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن مۇنەۋۋەر يازغۇچىلارنىڭ قولىدىن چىققان» دەيدۇ ۋە ئۇلارنى ئەستايىدىل، ئىنچىكە بىلەن تاللايدۇ. ئۇلار ئوخشاشمىغان تارىخي دەۋرلەردە ياشىغان، ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە بولۇپ، ئېتىقاد قىلىدىغان پەلسەپۋى نۇقتىئىنەزەرلىرىمۇ ئوخشاشمايدۇ. كىتابخانلار ھەيرانلىق بىلەن شۇنى بايقايدۇكى، «ئۇلار كىتابىمدىن كانت ھەمدە باشقا مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىپلا قالماي، ئامېرىكىنىڭ ئورلېئان شتاتىدىن كەلگەن لويىسى ماروتىغا ئوخشاش ئانچە تونۇلمىغان مۇخبىرنىڭمۇ ئىدىيىسى بىلەن تونۇشىدۇ». بۇ كىتابنىڭ تۇنجى نەشرى 1904 - يىلى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. كىتابنىڭ ئۇ چاغدىكى ئىسمى «دانىشمەنلەرنىڭ ئىدىيىلىرى» ئىدى. 1904 - يىلى ۋە 1910 - يىلى ئارىلىقىدا، تولستوي ئۆزىنىڭ مۇچەل يىلىدا، بۇ ئەسەرگە ئۈچ قىسىم تۈزىتىش كىرگۈزىدۇ. ھەر قېتىمقى تۈزىتىلگەن نۇسخا «ھاياتلىق يولى»، «ئوقۇلمىلار»، «كۈنىگە بىر ئەقىل» دېگەندەك ئوخشاشمىغان ناملار بىلەن نەشر قىلىنىدۇ.

1905 - يىل 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، تولستوي بۇ كىتابقا بىر كىرىش سۆز يازىدۇ، شۇنداقلا بۇ كىرىش سۆزنى مەزكۇر روزنامىسىگىمۇ كىرگۈزىدۇ. «‹ئەقىل - پاراسەت روزنامىسى›گە ئۈچ قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزدۈم ۋە تولۇقلىدىم. ھازىر ئۇ ئىلگىرىكىدىن بىر ھەسسە كۆپەيدى. ئىككى ئايدىن بېرى، باشقا ھېچقانداق ئىشقا قولۇم بارمىدى، گېزىتمۇ كۆرمۈدۈم، ژۇرنالمۇ ئوقۇمىدىم، ھالبۇكى سەزگۈلىرىم ئىنتايىن جايىدا … جەمئىيەتىمىزدىكى بىلىمسىزلىكلەردىن، بولۇپمۇ مەدەنىيەت، مەنىۋى ئەخلاق جەھەتتىكى بىلىمسىزلىكتىن قاتتىق ھەيران بولماقتىمەن. بىزنىڭ مائارىپىمىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوبۇل قىلىدىغان ھەمدە دۇنيادىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر مۇتەپەككۇرلاردىن ئۆگىنىدىغان نىشانغا يېتەكلىنىشى كېرەك» دەيدۇ ئۇ.

«مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىدىيىسى» دېگەن 1 - نەشرى بىلەن «ئەقىل - پاراسەت روزنامىسى» دېگەن 2 - نەشرى ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسلىق پەرق شۇكى، تولستوي 2 - نەشرىدە يىغىپ توپلىغان

ئىدىيىۋى پىكىرلەرنى مەلۇم كۈن ، مەلۇم ھەپتە ، مەلۇم ئاي ئاسا-
سىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن ئاساسىي تېمىلار بويىچە تۈرلەپ چىقد-
دۇ . 1904 - يىل 6 - ئاينىڭ 3 - كۈندىكى كۈندىلىك خاتىرىسىد-
ە ئۇ مۇنداق يازىدۇ : «ئوقۇمىلىرىم ئۇچۇن پايپېتەك بولۇۋاتد-
مەن ، باشقا ھەرقانداق ئىشقا چولام تەگمەيدۇ ... مەن ئۇلارنىڭ
ئىدىيىلىرىنى يىغدىم ھەمدە خۇدا ، ئىستىبدات ، قانۇن ، مېھىر -
مۇھەببەت ، پاكلىق ، ئىمان - ئېتىقاد ، ئېزىلىش ، لەۋز ، ۋەدە ،
پىداكارلىق ، باقىيلىق ، ئاق كۆڭۈللۈك ، رەھىمدىللىك ، ۋەھدەت
(ئادەم بىلەن خۇدانىڭ بىرلىكى) ، دۇئا - ئىبادەت ، ئەركىنلىك ،
تاكاممۇللۇق ، خىزمەت دېگەندەك تېمىلار بويىچە تۈرگە ئايرىدىم» . تولستوي
ئالاھەزەل 800 تۈرلۈك پىكرىنى ئۇنىڭغا كىرگۈزىدۇ . بۇ ئىدىيە-
لەرنىڭ بەزىلىرى ئۇنىڭ ئۆزۈن يىللىق ئىچكى تەپەككۇرىدىن كەل-
گەن بولسا ، بەزىلىرىنى ئىلگىرىكى كۈندىلىك خاتىرىلىرىدىن ئال-
غان . ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، ئۇ بۇ كىتابىنىڭ ھەر كۈنلۈك
مۇقەددىمىسىگە ئالدى بىلەن ئۆز ئىدىيىسىنى مۇقەددىمە قىلىپ ،
ئاندىن باشقا جايلاردىن ئالغان ئىدىيىلەرگە مۇراجىئەت قىلغان .
ۋاھالەنكى ، كىتابىنىڭ ھەر كۈنلۈك خاتىمىسىنىمۇ ئۆز ئىدىيىسى
ئارقىلىق چۈشۈرگەن .

بۇنىڭدىن باشقا ، ئۇ ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرىغىمۇ بىر پارچە
قىسقا ھېكايە ياكى ئاددىي بىر ئەنزار بەرگەن بولۇپ ، ھەربىر ھېكايە
شۇ ھەپتىلىك ئەخلاقىي ، پەلسەپىۋى ياكى دىنىي تېما بىلەن بىردەك-
لەشتۈرۈلگەن . جەمئىي 52 پارچە ھېكايە يازغان بولۇپ ، ئۇلارنى
«ھەپتىلىك ئوقۇشلۇق» دەپ ئاتىغان . بۇ 52 پارچە ھېكايىنىڭ
مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تولستوي مەخسۇس مۇشۇ كىتابى ئۈچۈن
يازغان ، باشقا ھېكايىلەرنى بولسا ئەپلاتۇن ، سىدىھارتا ، دوستو-
يوۋسكى ، پاسكال ، رىسكوۋ ، چېخوپ ۋە باشقا مەشھۇر زاتلارنىڭ
ئەسەرلىرىدىن ئىنچىكىلىك بىلەن تاللاپ چىققان ھەمدە ئۇلارنى
ئەستايىدىل ئۆزگەرتىپ يازغان . تولستوينىڭ بۇ «ھەپتىلىك ئو-
قۇشلۇق» لاردا ئىپادىلىگەن ئۇسلۇبى ئۇنىڭ دەسلەپكى پروزا ئىجا-
دىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن چاغلىرىدىكى يېزىقچىلىق ئۇس-
لۇبى بىلەن ئوخشاشمايتتى . كەڭ كىتابخانلارنى بۇ ھېكايىلەرنى يەڭ-

گىلگىنە ئوقۇيالايدىغان قىلىش ئۈچۈن، تولستوي ئىخچام، چۈشىنىشلىك، ئاددىي ـ ساددا تىلغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. بۇ ئۇسلۇبنى كېيىن پاستېرناك (1890—1960، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى يازغۇچى ھەم شائىر، 1958 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن)، سولژېنىتسىن (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى شائىر، يازغۇچى، 1970 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن) لار ئۈلگە قىلىدۇ. بۇ ھېكايىلەردە، تولستوي شەكىل جەھەتتىكى ئاددىيلىق بىلەن پەلسەپىۋى چوڭقۇرلۇقنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرىدۇ. بۇ ھېكايىلەر ھەممىلا نەشر نۇسخىسىغا كىرگۈزۈلمىگەنلىكتىن، يەنە كېلىپ ھەممىنى كىرگۈزسە ھەجمى ئېشىپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ نەشر نۇسخىسىغا ئېلىنمىدى.

1904 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، تولستوي «روزنامە: ئوقۇشلۇق» نىڭ 2 ـ نەشرىنىڭ كوررېكتور نۇسخىسىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، كۈندىلىك خاتىرىسىگە مۇنداق يازىدۇ: «مەن ئىجادىيەت جەريانىمدا دۇنيادىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر، ئەڭ ئەقىللىق كىشىلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق مەنئۇيىتىمنىڭ كۆپ يۈكسەلگەنلىكىنى، ئەخلاقىي پەزىلىتىمنىڭمۇ يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. لېكىن ئەڭ ئاخىرقى كۈنى ئۆنى ئوقۇپ بولغان ۋاقتىمدا ئۆزۈمنى تولىمۇ مەنىسىز ھېس قىلدىم. بۇ كىتابنىڭ 2 ـ قېتىملىق تۈزىتىلگەن نۇسخىسى 1905 ـ 1907 ـ يىللىرى نەشر قىلىنىدۇ. ھالبۇكى، كىتابنىڭ نامى «يازغۇچىلارنىڭ ھەقىقەت، كىشىلىك ھايات ۋە پەزىلەتكە دائىر ئىدىيىلىرى، لېۋ. تولستوي كىتابخانىلارنى ھەر كۈنى بىر ھېكايە ئوقۇسۇن دېگەن مەقسەتتە تۈزۈپ چىققانىكەن».

بۇ كىتاب كىتابخانىلارنى ھەر كۈنى ئوقۇيدىغان مەزمۇنلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ بارلىق دوستلىرىغا مۇشۇنداق ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

1908 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئۇ گۇستاف ئىسىملىك بىر دوستىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەن قەدىمدىن بۇيانقى ئەڭ ئەقىللىق كىشىلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرمايدىغان ئاشۇ كىشىلەرنى راستتىنلا چۈشىنەلمەيمەن... مەن ھەر كۈنى ئۆزۈمنى

شۇنداق بەختلىك ھېس قىلىمەن، بۇ مېنىڭ مۇشۇ كىتابنى ھەر كۈنى ئوقۇيدىغانلىقىم ئۈچۈندۇر».

تولستوي ۋاپات بولۇشتىن بىر يىل ئىلگىرى، يەنى 1910 - يىلى بۇ كىتابقا ئۈچىنچى قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، ئەسلىدىكى نۇسخىنى زور دەرىجىدە ئاددىيلاشتۇرىدۇ ھەمدە ئۈچىنچى قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزگەن نۇسخىسىنىڭ نامىنى «ھاياتلىق يولى» دەپ ئۆزگەرتىدۇ. ئۇ: «بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت ناھايىتى ئاز تەربىيە كۆرگەن دېھقانلار بىلەن بالىلارنىڭ ئاسان چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقىم» دەيدۇ. تولستوي «ئەقىل - پاراسەت روزنامىسى»نى «ئۆرۈش ۋە تىنچلىق» بىلەن سېلىشتۇرغاندىن كېيىن، چوڭقۇر ھاياجان بىلەن مۇنداق يازىدۇ: «مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان ئاددىي خەلق ئۈچۈن يېزىلغان بىر كىتاب ئاز ساندىكى بايلارنىڭ بىردەملىك ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن يېزىلغان ھەم ئارقىدىنلا مەڭگۈلۈك ئۇنتۇلۇپ كېتىدىغان بىر كىتابقا قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم، تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك. ئەڭ ئاددىي، ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھېسسىياتىغا بېرىپ تاقىلىدىغان سەنئەتنىڭ چەك - چېكى يوقتۇر. ھالبۇكى ھازىرغا قەدەر ھېچكىم بۇ ساھەگە قەدەم بېسىپ باقمىدى.» 1911 - 1912 - يىللىرى، بۇ كىتابنىڭ باشقا نۇسخىلىرى ئودىسسا بىلەن سانكت پېتۇربۇرۇگدا نەشر قىلىنىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، تولستوي پايدىلانغان بارلىق ھېكمەتلەرنىڭ نەدىن ئېلىنغانلىقى كۆرسىتىلگەن يەنە بىر نېمىسچە نۇسخىمۇ پەيدا بولىدۇ.

1912 - يىلى «ئەقىل - پاراسەت روزنامىسى» روسىيىدە نەشر قىلىنىدۇ. 1995 - يىلى بۇ كىتاب روسىيىدە قايتا نەشر قىلىنىدۇ ھەمدە ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ 3 مىليون نۇسخا تارقىتىلىدۇ.

بۇ ئەسەر جاھاندىكى نادىر ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۇ كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئەمەلىي پايدىلىنىدىغان مەنىۋى قىبلىناماسى بولالايدۇ. ئۇ كىشىلەر بىلەن قانداق ئەپ ئۆتۈشنى، مېھىر - مۇھەببەت بىلەن تولغان بەختىيارانە تۇرمۇشقا قانداق ئېرىشىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

يانۋار

بىلىمنىڭ زەھىرى ........................ 1
ئېتىقاد ........................ 2
ھاياتنىڭ مەقسىتى ........................ 3
رەھىمدىللىك ........................ 4
ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىش ........ 5
بويسۇندۇرۇش ئىستىكى ........................ 7
ئاق كۆڭۈللۈك ........................ 8
كۆيۈمچانلىق ........................ 9
كۆپرەك پىكىر يۈرگۈزۈڭ ........................ 10
مائارىپنىڭ ئېگىزى ........................ 11
كەمتەر ئادەم بولۇڭ ........................ 12
«ھەقىقەت» كە يەڭگىلتەكلەرچە ئىشىنىپ كەتمەڭ ... 13
ئىشەنچ - ئېتىقاد ........................ 14
بۆيۈك ئەمرىمەرۇپ ........................ 16
ھەربىر ئادەمنى قىزغىن سۆيۈڭ ........................ 18
ھاياتلىق سەپىرىڭىزنى مۇۋاپىق باشلاڭ ........................ 19
تۇرمۇشنىڭ ھەممە قىسمى ........................ 20
ھەقىقىي بىلىم ........................ 21
ئۆزىنى قۇربان قىلىش ........................ 22
بۇگۈنگە كۆپ باش قاتۇرۇڭ ........................ 22
ئۆزلۈك تەربىيەسى ........................ 24

ھاياتنى قەدىرلەش .................................. 25
ئاچچىقىڭىزنى بېسىۋېلىڭ .......................... 26
مۇكەممەللىك ........................................ 27
ئەخلاقىي مۇكەممەللىك ............................ 28
مېھىر - مۇھەببەت ئەمەلىي بولسۇن ............. 29
باشقىلارغا كۆيۈنۈڭ .............................. 30
مەنىۋى پرىنسىپقا رىئايە قىلىڭ .................. 32
ئەقىلگە قانداق ئېرىشىش كېرەك ؟ .............. 32
يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭ ........ 33
يالۋۇرماسلىق ........................................ 35

فېۋرال

تەن روھقا بويسۇنۇشى كېرەك ...................... 37
ھەقىقىي مەنىۋى تۇرمۇش .......................... 38
مەڭگۈلۈك ئاق كۆڭۈللۈك .......................... 39
ئەقلىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇڭ .................. 40
ئويلىماسلىقتا تېگىشلىك نەرسىنى چۈشىنىش لازىم ... 41
نۆۋەتتىكى ئارزۇ - ھەۋەسلىرىڭىزنى بويسۇندۇرۇڭ ...... 42
ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ........................ 43
باشقىلارنى ئەيىبلىمەڭ ............................ 44
بەخت تىلەش ئەڭ كۈچلۈك قورال .................. 45
سۇنىڭ قائىدىسى .................................... 46
ئاق كۆڭۈل ماھىيىتىڭىزنى ساقلاڭ ................ 47
مەڭگۈلۈك ھايات .................................... 48
ھەممە ئادەم پەلسەپە ئوقۇغاي ...................... 49
ھەقىقىي ئاق كۆڭۈللۈك .............................. 49
ئاددىي ئەقىل - پاراسەت ............................ 50

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى روھ ............................ 51
باراۋەرلىككە قانۇنغا تايىنىپ ئېرىشكىلى بولمايدۇ............. 52
تار مەنىدىكى ئۆزلۈكتىن ساقلىنىڭ ........................ 53
ھۆرۈنلۈق قاتىلدۇر ........................................ 54
ھەقىقەتنى يوكسەلدۈرۈڭ ................................... 55
ھايۋانلارغا كۆيۈنۈڭ ...................................... 56
مەڭگۈلۈك ئاقىل ........................................... 57
زوراۋانلىقنى ئەقىل بىلەن يېڭىڭ ........................ 58
ھەقىقەتنى سۆزلىگەندە نىيىتىڭىز دۇرۇس بولسۇن ... 59
مۇقەددەس روھقا دىل ئىزھار قىلىڭ ..................... 60
ئالدى بىلەن ئويلاپ ئاندىن ئېغىز ئېچىڭ............... 61
ئاچ كۆزلۈك ۋە تاش يۈرەكلىك............................ 62
ھەقىقىي سەنئەت............................................ 63
غايە ئۆزىڭىزدە ............................................ 64

مارت

گۈزەل تۇرمۇش ............................................ 66
ئارتۇقچە ئۈمىدلىنىپ كەتمەڭ .............................. 67
ياخشىلىق ................................................ 68
زىيادە تاماقلىنىش بىر خىل گۇناھ ........................ 69
ئۆزىڭىزنى زىيادە ماختاپ كەتمەڭ ........................ 70
ئۆز رولىڭىزنى ياخشى ئېلىڭ .............................. 71
رەھمەت ـ ھەشقاللىنىڭ قۇلى بولۇپ قالماڭ .............. 72
ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىڭ ............................ 74
بۆيرۇققا بويسۇنۇۋەرمەڭ.................................. 74
ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتى ..................................... 75
نىكاھ قەسرى .............................................. 76

ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىش ........................ 78
قەلبىڭىزنى پاكلاش ........................................ 79
ئەقىل نۇرىڭىزنى پارلىتىش ........................ 80
دۈشمىنىڭىزگە غەمخورلۇق قىلىش .................. 81
زۆرۈر بىلىملەرنى تاللىۋېلىش ........................ 81
ئۆزىڭىزنى تىرىشىپ يۈكسەلدۈرۈش ................ 82
باشقىلارنى مەڭگۈ ئەيىبلىمەڭ ........................ 83
بايلار ۋە نامراتلار ........................................ 84
ھالال ، ۋىجدانلىق ياشاش ................................ 85
ھايات مەجبۇرىيىتى ........................................ 86
ھەقىقەت ئىزدەپ بوشاشماڭ ............................ 88
بىز ھەممىمىز بۇ دۇنياغا كەلگەن مېھمان ......... 88
چىن دىلىڭىز بىلەن ئىزدىنىڭ .......................... 89
ياردەم ئۆزئارا بولىدۇ ...................................... 90
ئېتىقاد ۋە تۇرمۇش ........................................ 91
شەيئىنىڭ يادروسىنى تۇتۇۋېلىش ...................... 92
باشقىلارنى ئەينەك قىلىش .............................. 93
ئۆزىڭىزنى يېڭىش ............................................ 94
ئەپۇچانلىقنى ئۆگىنىۋېلىش ................................ 95
ئۆزىڭىزنى ئەيىبلەشنى بىلىش .......................... 96

ئاپرېل

خاتا بىلىملەردىن ھەزەر ئەيلەڭ ........................ 98
قىلىۋاتقان ئىشىڭىزغا زېھنىڭىزنى يىغىڭ ............ 99
ھەممە شەيئىنىڭ باش ـ ئاخىرى بولىدۇ ............ 100
تۇرمۇشتىكى خۇشاللىقلار ................................ 101
ھېسداشلىق تەلەپ قىلماڭ ................................ 102

روھىڭىزنى پاكلاڭ …… 103
يامانلىقتا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭ …… 104
قاتىللىق بىر خىل جىنايەت …… 105
ئاق كۆڭۈللۈك ۋە ئەبەدىيلىك …… 106
ھەقىقىي ئىلىم …… 107
يامانلىقتىن يىراق تۇرۇڭ …… 108
ئۆزلۈكىڭىزنى يۈكسەلدۈرۈڭ …… 109
رەھىمدىللىك ۋە مېھىر - مۇھەببەت …… 110
زىيادە بايلىق نامراتلىقتىنمۇ يامان …… 111
مەنىۋى تۇرمۇشقا بويسۇنۇڭ …… 112
كەمتەرلىك …… 113
باشقىلارنى ياخشى كۆرۈڭ، خۇددى ئۆزىڭىزنى ياخشى كۆرگەندەك …… 114
ھەقىقىي بىلىم …… 115
رىيازەتنىڭ پايدىسى …… 116
باشقىلارغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىڭ …… 116
مۇھەببەتلىك قەلب …… 117
روھىڭىزنى پاك تۇتۇڭ …… 118
ھەقىقىي ئاق كۆڭۈللۈك …… 119
چىن باتۇر …… 120
مۇقەددەس كۈچ ھەممىلا شەيئىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ …… 121
ئەڭ كىچىك نەرسە …… 122
باشقىلارنى مەڭگۈ ئەيىبلىمەڭ …… 123
خىزمەت قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر …… 124
كېسەللىكنىڭ ئىككى ياقلىمىلىقى …… 125
تۇرمۇشنىڭ مەقسىتى …… 127

ماي

ھەقىقىي جاسارەت ........................................ 128
تالاش ـ تارتىشتىن ساقلىنىڭ ........................................ 129
ياخشىلىق ، گۈزەللىك ........................................ 129
ئىدىيەنىڭ قۇدرىتى ........................................ 130
راست گەپ قىلىڭ ........................................ 131
ھايۋانلارغا ھېسداشلىق قىلىش بىر خىل ئاق كۆڭۈللۈك ... 132
تەقدىرىڭىز ئۆز قولىڭىزدا ........................................ 133
ئۆزىڭىزگە باھا بەرمەڭ ........................................ 134
ھەقىقىي گۈزەل ئەخلاق ........................................ 135
روھىيەتلا چىن بولىدۇ ........................................ 136
مۇكەممەللىك ........................................ 137
تۇرمۇش بىلەن ھەر ۋاقىت «خەيرلىشىپ» تۇرۇڭ ...... 138
ھەقىقەتكە قانداق ئېرىشىش كېرەك ........................................ 140
دۇنيا بىر تۇخۇم شاكىلى ........................................ 140
سەمىمىي ئادەم بولۇڭ ........................................ 142
ئېتىقادسىزلىق ........................................ 143
گۈزەل ئەخلاق يېتىلدۈرىدىغان مەكتەپ ........................................ 144
مۇقەددەس سۆيگۈ ........................................ 145
ئۆزئارا نەپ يەتكۈزۈش پىرىنسىپى ........................................ 146
روھى ئەركىن ئادەم بولۇڭ ........................................ 147
ياخشى ئىش قىلىدىغان پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەڭ ... 148
ھاياتلىق جەريانى ........................................ 149
مۇۋاپىقلىقنى ساقلاڭ ........................................ 151
مۇھەببەت بولۇش كېرەك ........................................ 152
قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ ئاندىن ئېغىز ئېچىڭ ........ 153
ئۆلۈمگە توغرا مۇئامىلە قىلىڭ ........................................ 154

هەقىقەت ئاددىي بولىدۇ .................. 155
بايلىقىڭىزنى توغرا ئىشلىتىڭ .................. 156
مۇقەددەس ۋىجدان.................. 157
تۇغما هوقۇق ـ مەنپەئەت .................. 158
روهىي خۇشاللىقىڭىزنى ساقلاڭ .................. 159

ئىيۇن

كۆڭۈل ئېچىش ۋە خىزمەت.................. 161
ئۆزىڭىزنىلا ئويلىماڭ .................. 162
شەيئىلەر بىر ـ بىرىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ
تۇرىدۇ .................. 163
دانا خوجايىن تېپىڭ.................. 164
هاياتلىق بۇلىقى .................. 165
يامانلىق .................. 166
تەكەببۇرلۇق قىلماڭ.................. 167
ئىشنى كىچىكتىن باشلاڭ .................. 168
ئارازچىلىقنى تۈگىتىڭ.................. 169
هەقىقىي هايات .................. 170
گۇناهىڭىز يىلتىزى .................. 171
جاپانىڭ هالاۋىتى .................. 172
ئەقىل ۋە قابىلىيەت.................. 173
باشقىلارنى ئەيىبلىمەڭ .................. 174
ئەركىن ئۆسۈپ يېتىلىڭ .................. 175
ئەخلاقىي تەرەققىياتقا ئىنتىلىڭ .................. 176
ئۆرۈشنىڭ باهانىسى.................. 177
ئەخلاق ۋە بەخت .................. 178
ۋىجدان ساداسى.................. 179



www.uyghurkitap.com

ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈش جىنايەتتۇر.......................... 180
تۇرمۇشنى ئاقىلانە ئۆتكۈزۈڭ .......................... 181
سۆيگۈ دۇنياسى .................................... 182
ھەقىقىي بىلىم .......................................... 182
مىننەتسىز سۆيگۈ......................................... 183
گۈزەل ئەخلاقنى مەشىق قىلىپ يېتىلدۈرگىلى
بولىدۇ ................................................ 184
ئەقىل ۋە مۇھەببەت...................................... 185
بەختلىك تۇرمۇش........................................ 186
ئائىلە مۇھەببىتى ........................................ 187
مەيۈسلەنمەڭ.............................................. 188
ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنى قۇتۇلدۇرۇڭ ..................... 189

www.uyghurkitap.com

## 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى  بىلىمنىڭ زەھرى

ئەھمىيەتلىك ھەم چۈشىنىش زۆرۈر بولغان ئىشلارنى بىلىش ئەھمىيەتسىز ھەم چۈشىنىش زۆرۈر بولمىغان ئىشلارنى بىلىشتىن كۆپ ئەۋزەلدۇر.

كۆلىمى كىچىك بولسىمۇ، كىتابلىرى تۈجۈپىلەپ تاللانغان بىر كۇتۇپخانىدا نەقەدەر كۆپ بىلىم بايلىقلىرى ساقلىنىپ ياتقان‌ھە! ئەسىرلەر مابەينىدە، دۇنيادىكى ھەرقايسى مەدەنىيەتلىك ئەل‌لەردىكى ئەڭ ئەقىللىق، ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرى مۇشۇنداق كۇتۇپخانىلاردا ساقلىنىپ كەلمەكتە. بىز مۇشۇنداق كۇتۇپخانىلارغا بېرىپ ئۇلارنىڭ تەتقىقات مېۋىلىرىنى ۋە ئەقىل ـ پاراستىنى ئۆگىنەلەيمىز. ئۇلارنىڭ سىرداش دوستلىرى‌غىمۇ ئاشكارىلىمىغان بەزى ئىدىيىلىرى ئاددىي، چۈشىنىشلىك خاتىرىلىنىپ، بىزگە ئوخشاش ئۆزگە ئېقىملاردىن كەلگەن كىشى‌لەرنىڭ ئوقۇشىغا نېسىپ بولماقتا. شۇنداق، بىز ئۇلارنىڭ مۇ‌شۇنداق نادىر ئەسەرلەرنى ھەمدە تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئېسىل مەنىۋى ئوزۇقلارنى بەرگەنلىكىگە سەمىمىي رەھمەت ئېيتىشىمىز كېرەك.

— رالف ۋالدو ئېمېرسون

كىشىلەرنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشىنىلا كۆزلىگەن چاكىنا ئەسەرلەر ئاز ئەمەس. شۇڭا، بىز كىشىلەر ئېتىراپ قىلىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىلا ئوقۇشىمىز كېرەك.

— سېنېكا

ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئالدى بىلەن ئوقۇڭ، بولمىسا

ئۇلارنى ئوقۇغۇدەك يېتەرلىك ۋاقىت قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالىسىز .

— ھېنرى تورو داۋېي

ھەقىقىي زەھەر بىلەن بىلىم زەھىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇ يەردىكى ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ھەقىقىي زەھەرلەرنىڭ پۇرىقى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىدۇ . لېكىن يامان يېرى شۇكى ، چاكىنا گېزىت - ژۇرنال ياكى ناچار كىتابىي شەكىل بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان بىلىم زەھەرلىرىنىڭ جەلپكارلىقى بەزىدە تولىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ .

## 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئېتىقاد

دەۋرىمىزدىكى نۇرغۇنلىغان ئۆلىمالىرىمىز تولىمۇ بىر تەرەپلىمە بولغان ئىنتايىن ئوسال بىر قاراشتا بولۇۋاتىدۇ . ئۇلار : ئادەم بۇ دۇنيادا ئېتىقادسىز ياشىسىمۇ بولىدۇ ، دېگەننى جار سېلىۋاتىدۇ .

قەدىمدىن ھازىرغىچە ، مەيلى قايسى ياش باسقۇچىدىكى كىشىلەر بولسۇن ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇق ئاساسىنى ، يارىلىش مەنبەسىنى ھەمدە ئاداققى نىشانىنى ياكى ھېچبولمىغاندىمۇ بۇلارغا قارىتا بىر ئومۇمىي چۈشەنچىدە بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ كەلدى . دىن ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئېھتىياجىنى قاندۇردى . ئۇ بارلىق كىشىلەرنىڭ قېرىنداشلارچە ئۇيۇشۇشىدىكى ئىچكى مۇناسىۋەتنى شەرھلىدى ھەمدە ئۇلارغا ئۇلارنىڭ ئوخشاش مەنبەگە ، ئوخشاش ھاياتلىق بۇرچىغا ، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، ئوخشاش ئاخىرقى نىشانغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى .

— گاسپو مادزىنى

ھەربىر دىننىڭ تۈپ ئەھمىيىتى ئۇنىڭ «مەن نېمىشقا ياشاي-

مەن ، ئەتراپىمىدىكى بۇ چەكسىز دۇنياغا قانداق پوزىتسىيە تۇتىمەن ؟ » دېگەن بۇ مەسىلىگە جاۋاب بەرگەنلىكىدە . ئەڭ مۇرەككەپ دىندىن ئەڭ ئاددىي ئىپتىدائىي دىنغىچە بولغان ھەرقانداق بىر دىن ئادەمنىڭ دۇنياغا تۇتقان پوزىتسىيەسىنى ئۆزىنىڭ تۇپ نېگىزى قىلغان .

بارلىق دىنلارنىڭ يادروسىغا ئوخشاش بىر ھەقىقەت تەۋەللۇت بولغان . مەيلى پارسلار ئۆزلىرىگە خاس ئۇستىباشلىرىنى كىيىۋالسۇن ، يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ ئۆزگىچە بۆكىنى كىيىۋالسۇن ، خىرىستىيانلار كرېستىنى ئېسىۋالسۇن ، مۇسۇلمانلار ھىلال ئاي شەكىللىك بېزەكلىرىنى تاقىۋالسۇن ، بىز شۇنى ئەستە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەككى ، بۇلار پەقەت ئوخشاشمىغان دىنىي ئېتىقادلارنىڭ تاشقى ئىپادىلىرى ، خالاس . بارلىق دىنلارنىڭ تۇپ ماھىيىتى بىزنى قولۇم - قوشنىلارنى سۆيۈشكە چاقىرىدۇ . مانى ، زوروئاستېر ، سىدھارتا ، مۇسا ، سوقرات ، ئەيسا ، پاۋلو ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملار بىزنى مۇشۇنداق قىلىڭلار دەپ تەلىم بېرىدۇ .

**بىر ئادەمدە ئېتىقاد بولمىسا ، ئۇنىڭ ھاياتى چارپايلارنىڭ ھاياتىغا ئوخشاپ قالىدۇ .**

## 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ھاياتنىڭ مەقسىتى

بىز ھەمىشە ئۆزىمىزدىن بىز توغرا قىلىۋاتامدۇق ؟ بىز كىشىلىك ھايات دەپ ئاتىغان بۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ، ئىشەمەللىرىمىز بىزنى مۇشۇ دۇنياغا كەلتۈرگەن ئاشۇ سىرلىق كۈچنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولۇۋاتامدۇ ؟ بىز توغرا قىلدۇقمۇ ؟ دەپ ئۆزىمىزدىن سوراپ تۇرۇشىمىز كېرەك .

بىز خۇدا بۇيرۇغان مەجبۇرىيىتىمىزنى سەمىمىي ، قۇسۇرسىز



www.uyghurkitap.com

ئادا قىلىشىمىز كېرەك . مەيلى بىز كۈنلەرنىڭ بىرىدە پەرىشتە بولۇشنى ئۈمىد قىلايلى ياكى ئۆزىمىزنى ھاشاراتتىن ئۆزگەرگەن دەپ قارايلى ، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئانچە مۇھىم ئەمەس .
— جون رۇسكىن

ئەگەر ھاياتلىق مەقسىتىڭىزنى شەخسىي بەخت ئىزدەش دەپ چۈشىنىپ قالسىڭىز ، ئۇ ھالدا ھاياتىڭىز تولىمۇ رەھىمسىز ، ئەھمىيەتسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ . شۇنىسى سەمىڭىزدە بولسۇنكى ، ئىنسانىي ئەقىل ـ پاراسەت ، ئەقلىڭىز ۋە ۋىجدانىڭىزنىڭ خىتابىغا قۇلاق سېلىڭ : كىشىلىك ھاياتنىڭ مەنىسى سىزنى بۇ دۇنياغا زاھىر قىلغان ئاشۇ سىرلىق قۇدرەت ئىگىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش . ئەگەر بۇنى بەجا كەلتۈرەلىسىڭىز ، ھاياتىڭىزدا پۈتمەس خۇشاللىققا نائىل بولىسىز .

**قىينچىلىققا يۈزلەنگەندە ، خۇدادىن ياردەم تىلەيمەن ، لېكىن خۇدا يولىدا خىزمەت قىلىش مېنىڭ بۇرچۇم ، ماڭا خىزمەت قىلىش ئۇنىڭ بۇرچى ئەمەس . بۇ نۇقتىنى ئاللىبۇرۇن تونۇپ يەتتىم . شۇئان زىممەمدىكى يۈكنىڭ يېنىكلەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم .**

## 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى رەھىمدىللىك

بىز كەسپىي ئالاقە ، سودا ـ سېتىق ، سەنئەت ، بىلىم ھەمدە ئادەمنىڭ ھامان ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىدەك مۇشۇنداق بىر ئورتاقلىقىمىز تۈپەيلى ئۆزئارا مۇناسىۋىتىمىز بارلىقىنى ئىختىيارسىز ھېس قىلىپ تۇرىمىز ، گەرچە مۇشۇنداق تەسىراتتا بولۇشنى ئويلىمىساقمۇ ، لېكىن ھەمىشە ئۆزىمىز بىلەن باشقا ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا مەلۇم باغلىنىش بارلىقىنى تەبىئىي ھېس قىلىمىز .

ئاق كۆڭۈل كىشىلەر باشقىلارغا ياردەم بېرىشتىن خۇشاللىققا چۆمگەندە، ھەتتا ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. بەدنىيەتلەر مېڭىسىنىڭ قېتىقى چىقىپ كەتكۈچە ئۆزئارا ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرىدۇ.

— جۇڭگو ماقالى

ھەربىر ئادەمنىڭ زىممىسىدە باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيەت بولىدۇ. باشقىلارنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىدىن ئايرىلغاندا، بىر ئادەم بۇ دۇنيادا ياشاشقا ئامالسىز قالىدۇ. شۇڭا، بىز سالاملىشىش، تەكلىپ بېرىش، ئۆزئارا سەمىگە سېلىش قاتارلىق شەكىللەر بىلەن بىر - بىرىمىزنى قوللايمىز ۋە ياردەم بېرىمىز.

— «مۇقەددەس ئىدىيىلەر» دىن

ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق بالىلىرى ئوخشاش بىر گەۋدىنىڭ ئەزالىرى. ئۇلارنىڭ بىرى ئازابلانغاندا، باشقىلارمۇ ئازابلىنىدۇ. ئەگەر سىز باشقىلارنىڭ ئازابىغا پەرۋا قىلمىسىڭىز، سىز ھەقىقىي بىر ئادەم بولۇشقا مۇناسىپ كېلەلمەيسىز.

— زەيدى

**ئىنسانىيەتنىڭ تارىخى ئىنسانىنىڭ رەھىمدىللىكتىن ئىبارەت ئورتاق نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەش تارىخىدۇر.**

## 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىش

بىز بەزىدە ناھۇۋاپىق سۆزلەر بىلەن باشقىلارغا زەخمەت يەتكۈزىمىز. بۇ بەزىدە ناھايىتى روشەن، بەزىدە ئانچە ئېنىق ئىپادىلەنمەيدۇ. لېكىن مەيلى قانداق بولسا بولسۇن، كىشىلەرگە راستىنلا زىيان - زەخمەت يەتكۈزگەنلىكىمىزنى بىلىشىمىز كېرەك.

تىنىغ يارىسى ساقىيىدۇ ، لېكىن زەھەرخەندىلىك پەيدا قىلغان يارا مەڭگۈ ساقايمايدۇ .

— پارس ئەھلىيمىلىرىدىن

مۇكەممەل ئادەمنىڭ ئاغزىدىن يامان گەپ چىقمايدۇ… تىلنىڭ ئادەم بەدىنىدىكى كىچىككىنە بىر ئەزا ئىكەنلىكىگە قارىماڭ ، ھە دېگەندىلا چاغلىماي گەپ قىلىپ چوڭ زىيان تارتىپ قالماڭ .

— جامىس

كىشىلەرنىڭ باشقىلار ھەققىدىكى يامان غەرەزلىك گەپلىرىنى ئاڭلىغاندا ، بىردىنلا ھاياجانلىنىپ ئۇلار بىلەن بىر سەپتە ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتمەڭ . باشقىلارنىڭ ناچار ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ئاڭلىغان ۋاقتىڭىزدا ، ئۇنىڭ مۇددىئا - مەقسىتىنى سۈرۈشتۈرمەڭ ، بەلكى بىر ئامال قىلىپ ئاڭلىغانلىرىڭىزنى پاك-پاكىز ئۇنتۇپ كېتىڭ . باشقىلارنىڭ ياخشى گېپىنى ئاڭلىغان ۋاق-تىڭىزدا ،ئۇلارنى ئېسىڭىزدە چىڭ ساقلاڭ ھەمدە باشقىلارغا ئېيت-تىپ بېرىڭ .

— شەرق ئەقىل - پاراستى

خەقنىڭ تالاش - تارتىشلىرىنى ئاڭلاپ بېقىش كېرەك ، لې-كىن بۇلارغا زىيادە بېرىلىپ كەتمەڭ .

— گوگېل

مەن شۇنداق دېگەنمەن : ھاياتلىق يولۇم ئۈستىدە ئويلىنىمەن ، نالايىق گەپ قىلىپ يېڭىلىشىپ قالمايمەن .

— «مۇناجات» تىن

ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ ئىناقسىزلىق پەيدا قىلىپ ، كىشىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈز-مەسلىك كېرەك .

1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى **بويسۇندۇرۇش ئىستىكى**

خەير ـ ساخاۋەتلىك ئىش قىلىش ئۈچۈن تىرىشىش ئىنتايىن مۇھىم، يامانلىقتىن نېرى بولۇش ئۈچۈن تىرىشىش تېخىمۇ مۇھىم.

ئۆزىڭىزنى چەكلەپ تۇرۇش تۇرمۇشتىكى بىر ئادىتىڭىز بولسۇن، ئۇ سىزنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇپ يېتىلىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ. بىر ئادەم ياخشى ئىش قىلىشقا بەللا باغلايدىكەن، ئۇ يېڭەلمەيدىغان باشقا قىيىنچىلىق بولمايدۇ.

— لاۋزى

ھېچبولمىغاندا زېھنىڭىزنىڭ يېرىمىنى كاللىڭىزدىكى ئەخمەقانە خىياللارنى چىقىرىۋېتىشكە سەرپ قىلغايسىز. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ ناھايىتى زور قانائەت ۋە بەخت تۇيغۇسى ئەكەلگەنلىكىنى بايقايسىز.

— ئېپىكتېت

خۇدا ھەربىر ئادەمنى سىنايدۇ. مەيلى ئۇ كەمبەغەل ياكى باي بولسۇن، بايلار ــ ياردەمگە موھتاج ئاشۇ ئادەملەرگە ياردەم قولىنى سۇنىدىمۇ ـ يوق؟ دېگەن نۇقتىدا سىنىلىدۇ؛ نامراتلار نامراتلىقىغا رازى بولۇپ، نارازى بولماي ياشيالىدىمۇ ـ يوق؟ دېگەن نۇقتىدا سىنىلىدۇ.

— «يەھۇدىي قانۇنى» دىن

**ئۆز غەزىپىنى باسالىغان ئادەمنى لاياقەتلىك ھارۋىكەش دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ ھەيدىگەن ھارۋا ئەڭ ئىتتىك جەڭ ھارۋىسىغا ئوخشاش تېز سۈرئەتتە يۈرىدۇ. باشقىلاردا ھەقىقىي كۈچ ـ قۇۋۋەت كەمچىل بولىدۇ. ئۇلار تېز**

ماڭىمەن دەپ چۈلۈۋرنى تۇتۇشنىلا بىلىدۇ .

1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى **ئاق كۆڭۈللۈك**

ئاق كۆڭۈللۈك كىشىلىك مۇناسىۋەتتە كەم بولسا بولمايدۇ . ئەگەر باشقىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلمىسىڭىز ، ئۆزىڭىزنىڭ ئاساسلىق مەجبۇرىيىتىڭىزنى ياخشى ئادا قىلمىغان بولىسىز .

ھەربىر ئادەمنى ھۆرمەت قىلىشىڭىز كېرەك . مەيلى ئۇنىڭ ئەھۋالى قانچىلىك ئېچىنىشلىق بولسۇن ۋە ياكى ھەرقانچە كۈلكىلىك بولسۇن ، شۇنىسى ئېسىڭىزدە بولسۇنكى ، ھەربىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ھەممىمىزدە بار بولغان ئورتاق روھ بالقىپ تۇرىدۇ .
ـــ شوپېنھاۋار

ئېزىققان ئاشۇ كىشىلەرگە شەپقەتسىزلىك قىلماڭلار ، خۇددى ئۆزۈڭلارغا تەسەللى ئىزدىگەندەك ، بىر ئامال قىلىپ ئۇلارغىمۇ تەسەللى بېرىڭلار .
ـــ «مۇقەددەس ئىدىيىلەر» دىن

(1) بۈگۈن قىلغىلى بولىدىغان ئىشنى ئەتىگە سۈرمەڭلار ؛ (2) ئۆزۈڭلار قىلالايدىغان ئىشنى باشقىلارغا زورلىماڭلار ؛ (3) يېمەك ـ ئىچمەك ، تۇرالغۇ جەھەتتىكى تۇرمۇش لاۋازىمەتلىرىگە سېلىشتۇرغاندا ، تەكەببۇرلۇقنىڭ ئادەمگە سالىدىغان زىيىنى تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ ؛ (4) بىز يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىشلارنى زىيادە ئويلاپ كېتىپ ، ئەمەلىيەتتە ئاللىقاچان يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ باقمىغاچقا ، ئۆزىمىزنى تېخىمۇ كۆپ گۇناھقا دۇچار قىلىمىز ؛ (5) ئەگەر سىز خاپا بولماقچى بولسىڭىز ، ھەرقانداق گەپ ياكى ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن بىردىن

www.uyghurkitap.com

10 گىچە ساناڭ ؛ ناۋادا يەنىلا پەسكويغا چۈشمىگەنلىكىڭىزنى بايقى-سىڭىز ، 100 گىچە ساناڭ ؛ ئەگەر 100 گىچە سانىغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا بېسىقمىغان بولسىڭىز ، ئۇنداقتا 1000 غىچە ساناڭ .

— توماس جېففېرسون

بىر ئادەم قانچە ئاق كۆڭۈل بولسا ، باشقىلارنىڭ غېمىنى قىلىشقا شۇنچە ھېرىس كېلىدۇ ، ئۇ ھالدا باشقىلارنىڭ ئاق كۆڭۈل-لۈكىنى شۇنچە بەك بايقىيالايدىغان بولىدۇ .

**ئاق كۆڭۈللۈك تۇرمۇشىمىزنى تولۇقلايدۇ . ئاق كۆ-ڭۈل بولغاندىلا سىرلىق ئىشلارمۇ روشەنلىشىپ كېتىدۇ ، مۇشكۈلاتلار ئاسانلىشىپ كېتىدۇ ، مەنىسىز ئىشلار قىزى-قارلىقلىشىپ كېتىدۇ .**

## 1 – ئاينىڭ 8 – كۈنى  كۆيۈمچانلىق

دىنىي ئەقىدىلەر مانا مۇشۇنداق ئاددىي بولىدۇ . ئۇنىڭ مەنى-سىنى كىچىك بالىمۇ چۈشىنىۋالالايدۇ . لېكىن دىنغا ھەقىقىي ئېتىقاد قىلمىسىمۇ ئۆزىنى تەقۋادارلارچە تۇتىدىغان ۋە ياكى باشقى-لارنىڭ ئۆزىنى مۇرىت - مۇخلىس كەبى ئاتىشىنى ياخشى كۆرىدى-غان كىشىلەر ئۇنىڭ مەنىسىنى دېگەندەك چۈشىنىپ كەتمەيدۇ .

بۇددا : «گۈزەل مەنىۋى ئىستەكلەرگە ئىنتىلىپ ياشايدىغان كىشىلەر قاپقاراڭغۇ ئۆيگە چىراغ ئەكىرگەن ئادەمگە ئوخشايدۇ . قاراڭغۇلۇق دەرھال يوقىلىدۇ ، بۇنىڭغا قىلچىمۇ بوشاشماي ئىنتىلىشىڭىز كې-رەك ، شۇندىلا قەلبىڭىز يورۇقلۇققا چۆمكىلىدۇ» دېگەن .

ئەيسا بارلىق تەلىماتلىرى ئىچىدە ئەڭ ئاخىرقى بىر ئەھكامنى مۇنداق شەرھلەيدۇ : «مەن سىلەرگە كۆيۈنگەنگە ئوخشاش سىلەرمۇ بىر - بىرىڭلارغا كۆيۈنۈڭلار . ئەگەر ئۆزئارا كۆيۈنسەڭلار ، ھەربىر

ئادەم سىلەرنىڭ مېنىڭ ھەقىقىي مۇرىتلىرىم ئىكەنلىكىڭلارنى چۈ-
شىنىدۇ .» ئەيسا ھەرگىز : «ئەگەر ئىشەنسەڭلار» دېمىگەن ، بەل-
كى : «ئەگەر سىلەر كۆيۈنسەڭلار» دېگەن . ئەقىدە ، چۈشەنچە
ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگىرىدۇ ، چۈنكى ھاياتمۇ ئۇزلۇكسىز
ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ . دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ، كۆيۈنۈش مەڭگۈ ئۆز-
گەرمەيدۇ ، كۆيۈنۈش مەڭگۈلۈكتۇر .

**بارلىق جانلىقلارغا كۆيۈنۈش مەن ئېتىقاد قىلىدىغان
بىردىنبىر دىندۇر .**

## 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى كۆپرەك پىكىر يۈرگۈزۈڭ

ئۆلۈك يادلاشقا تايىنىپ ئەمەس ، بەلكى ئىجتىھات قىلىش
ئارقىلىق ئالغان بىلىمىڭىزلا ھەقىقىي بىلىمدۇر . باشقىلار قىلىش-
نى بۇيرۇغان بارلىق نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ كەتكەن ۋاقتىمىزدىلا ،
ئاندىن ھەقىقىي بىلىمگە ئىگە بولىمىز .

**— ھېنرى دېۋىس توررو**

باشقىلار بايان قىلغان پىكىرلەر كەينى ـ كەينىدىن سىڭدۇرۇ-
لۇۋەرسە ، سىزنىڭ پىكرىڭىزگە توسقۇنلۇق قىلىپ ، يېڭىلىق يارى-
تىش ئىستىكىڭىزنى باسىدۇ... مانا بۇ يىل بويى ئۆگىنىشنىلا
بىلىپ ، تەپەككۇر قىلىشنى بىلمەي ، كاللىمىزنى ئاددىيلاشتۇرۇ-
ۋەتكەنلىكىمىزدۇر... باشقا كىتابلاردا بايان قىلىنغان ئىدىيەلەرنى
سىغدۇرغۇدەك بوشلۇق ئىزدەپ ، ئۆزىنىڭ ئىدىيەسى ۋە يېڭىلىق
يارىتىش خاھىشىغا ھالاقەت بېرىشتەك مۇنداق ئۇسۇللار شېكىس-
پىرنىڭ زامانداشلىرى ئۇستىدە توختىلىپ دېگەن گەپلىرىنى ئې-
سىمگە سالىدۇ : ئۇلار باشقا دۆلەتلەرنى كۆرۈش ئۈچۈن ، ئۆز
دۆلىتىنى سېتىۋېتىدۇ .

**— ئارتۇر شوپېنھاۋار**

قەلب سوئاللىرىڭىزغا ئىدىيەلا جاۋاب بېرەلىگەن چاغلار ھاياتلىق كېمىڭىزنىڭ توغرا يۆنىلىشكە قاراپ ماڭغان ۋاقتىدۇر. ئالدى بىلەن باشقىلاردىن ئۆتنە ئېلىپ، ئاندىن كاللىڭىزغا ئۆلۈك قاچىلىۋالغان بىلىملەر ھاياتىڭىزغا ھەقىقىي تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ، بەلكىم گېزى كەلگەندە سىزنى تۇيۇق يولغا ئەكىرىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن.

ئازراق ئوقۇپ، ئازراق ئۆگىنىش، كۆپرەك تەپەككۇر قىلىش كېرەك. مۇئەللىملىرىڭىزدىن ھەمدە ئوقۇغان كىتابلىرىڭىزدىن ئۆزىڭىز ھەقىقىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان ھەمدە ھەقىقەتەن ئىگىلىمەكچى بولغان بىلىملەرنى ئۆگىنىڭ.

1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى **مائارىپنىڭ نېگىزى**

بارلىق تەربىيەنىڭ ئاساسى بىزنىڭ بارلىق شەيئىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى تۇرغۇزۇشتا ھەمدە ئۆزىمىزگە بېرىپ تاقىلىدىغان بارلىق ھەرىكەت ئىپادىمىزدىن يەكۈن چىقىرىشتا.

كىمكى بۇ نۇقتىغا سەل قارايدىكەن، ئەڭ ياخشىسى بوينىغا تۈگمەن تېشىنى ئېسىپ، تەگسىز دېڭىزغا ئۆزىنى تاشلىسۇن.

— «ئىنجىل مەتتا» دىن

بىز بالىلارنى تەربىيەلەۋاتقان ۋاقتىمىزدا، كەلگۈسىنى تەربىيەلەۋاتقانلىقىمىزنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك. ئۇلارغا تېخىمۇ كۆپ تەربىيەنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئارقىلىق، ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىنى، دۇنيانىڭ كەلگۈسىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

— ئىممانۇئېل كانت

مېنىڭچە ئاتا ـ ئانىلار بىلەن مائارىپنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى بالىلارغا ئۆلارنىڭ مۇقەددەسلىكىنى بىلدۈرۈشتە .
— ۋىليام ئېللارىي كاننىن

ياخشىلىق تەربىيىسى بارچە تەربىيەنىڭ ئۆلچىمى .

1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى **كەمتەر ئادەم بولۇڭ**

كەمتەرلىكتىن ئايرىلغاندا مۇكەممەللىك مۇقامىغا يەتكىلى بولمايدۇ . «كەم ـ كوتىسىز ياخشى ئادەم تۇرسام ، مۇكەممەللىككە يېتىمەن دەپ كۆرەشكىنىمنىڭ نېمىسى ؟» ـ

ئىجتىمائىي ئورنىڭىز يۇقىرى بولغانسېرى شۇنچە كەمتەر بولۇشىڭىز كېرەك . نۇرغۇن كىشى يۇقىرى مەرتىۋىگە چىقىپ ، باياشاتچىلىق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ .لېكىن دۇنيانىڭ سىرلىرى ئاشۇ كەمتەر كىشىلەرگە يۈز ئاچىدۇ . ئىشلارنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتمەڭ ، ئۆز مەجبۇرىيىتىڭىزنى سالماقلىق بىلەن ئادا قىلىڭ . ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بولمىغان نەرسىلەرنى ئۆگەنمەڭ ، سىزگە ئايان قىلىنمىدىغان ھەمدە بىلمىسىڭىز بولمايدىغان نەرسىلەر ھەقىقەتەن بەك كۆپ .
— «زەبۇر .ئەلچىلەر» دىن

بالىلار دۇنياغا باشقىلارنى ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرغىلى ئەمەس ، چوڭ بولغاندىن كېيىن باشقىلارغا خىزمەت قىلغىلى كېلىدۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئەمگىكى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ تەربىيەلىگەنلىك ۋە پەرۋىش قىلغانلىق ئەجرىگە رەھمەت ئېيتىدۇ .
— «ئىنجىل مەتتا» دىن

دوستلىرىڭىزنىڭ بەزىلىرى سىزنى ئۇچۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ.

دۇ ، بەزىلىرى سىز بىر ئىشنى خاتا قىلىپ قويغاندا سىزنى تەنقىد قىلىدۇ . سىز سىزنى تەنقىد قىلغان دوستلىرىڭىزغا بەكرەك ئىشىنىدىڭىز ، سىزنى ماختاپ ئۇچۇرغان دوستلىرىڭىزدىن يىراقلاشقىنىڭىز كېرەك .

— «يەھۇدىي قانۇنى» دىن

ئوق نىشانغا تەگمىگەن چاغدا ، مەرگەن ئۆزىنى ئەيىبلەيدۇ. كى ، باشقىلارنى ئەيىبلىمەيدۇ . ئاقىللارمۇ ئىشلارنى ئەنە شۇنداق تەرىددە بىر تەرەپ قىلىدۇ .

— كوڭزى

قىلغان خاتا ئىشلىرىڭىز ئېسىڭىزدە بولسۇن ، قايتا خاتا ئىش قىلىپ سېلىشتىن كۆچىڭىزنىڭ بارىچە ساقلىنىڭ . ئۆزىنىڭ ياخشى ئىشلىرىنىلا ئېسىدە تۇتۇش كەلگۈسىدە تېخىمۇ كۆپ ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ .

## 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «ھەقىقەت» كە يەڭگىلتەكلەرچە ئىشىنىپ كەتمەڭ

بەزىلەر خەقنىڭ ئىشىغا چات كېرىۋېلىپ ، باشقىلار ئۈچۈن قارار چىقىرىشقا ئامراق كېلىدۇ ھەمدە ئۇلارغا ۋاكالىتەن ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ . يەنە ئاز ساندىكى بەزى كىشىلەرمۇ باركى ، ئۇلار ئۆزىنىڭ بۇ خىل ھوقۇقىنى باشقىلارغا قوش قوللاپ ئۆتۈنۈپ بېرىپ ، باشقىلارنىڭ دېگەن گەپلىرىگە قارىغۇلارچە ئىشىنىدۇ . ئەمەلىيەتتە ، بۇ ئىككى خىل ئادەم ئوخشاش گۇناھ سادىر قىلىدۇ .

بىز ھەممىمىز كىچىك بالىغا ئوخشاش ، ئالدى بىلەن مومىلىرىمىز ئېيتىپ بەرگەن قىلچە سۇ كىرمەس «ھەقىقەت» نى تەكرار-

لايمىز ، ئاندىن مۇئەللىملىرىمىز ئېيتىپ بەرگەن «ھەقىقەت» نى تەكرارلايمىز . ھالبۇكى ، چوڭ بولغان چاغلىرىمىزدا بولسا ، ئاشۇ مەشھۇر شەخسلەر ئېيتىپ بەرگەن «ھەقىقەت» نى تەكرارلايمىز .

— رالىف ۋالدو ئېمېرسون

ئاشۇ ساختا ئەنبىيالار خۇددى قوي تېرىسىگە ئورىنىۋالغان بۆرىگە ئوخشايدۇ ، قارىماققا ناھايىتى ئاق كۆڭۈل كۆرۈنىدۇ . ئە- چىدە بولسا توڭگۇز قاترايدۇ . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ ئەسلىي ماھىيىتى- نى پەرق ئېتىشكە ماھىر بولۇش كېرەك . سەن ئۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ ئاندىن ئۇلارنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشىڭ كېرەك . ئازغان شېخىدا ئۈزۈم چۈشەمدۇ ؟ قەدىمدىن بۇگۈنگىچە ، ياخشىلىق دەرىخىدە ياخشىلىق مېۋىسى ، يامانلىق دە- رىخىدە يامانلىق مېۋىسى چۈشكەن . بىر تۈپ ياخشىلىق دەرىخىدە يامانلىق مېۋىسى چۈشۈشى مۇمكىن ئەمەس . بىر تۈپ يامانلىق دەرىخىدە ياخشىلىق مېۋىسى چۈشۈشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس . ياخشىلىق مېۋىسى چۈشمەيدىغانلىكى دەرەخنى كېسىۋېتىش ھەمدە ئۇلۇغ ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋېتىش كېرەك . بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغى- لى بولىدۇكى ، سەن بىر دەرەخنىڭ مېۋىسىگە قاراپلا ئۇنىڭ قانداق دەرەخ ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالايسەن .

— «ئىنجىل مەتتا» دىن

ئادەم بۇرۇنقى دانىشمەنلەر ۋە ئەۋلىيالاردىن ئالغان مەنىۋى مىراسلىرىدىن پايدىلىنىشى كېرەك . بىراق ئۇ شۇنىڭغا دىققەت قىلىشى كېرەككى ، ئۇلارنى ئۆز ئەقلىگە تايىنىپ تەكشۈرۈشى ھەمدە جەۋھىرى- نى قوبۇل قىلىپ ، شاكىلىنى تاشلىۋېتىشى كېرەك .

**ھەربىر ئادەم بۇ دۇنياغا تۇتقان پوزىتسىيەسىنى ئۆزى شەرھلىشى لازىم .**

1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى **ئىشەنچ ـ ئېتىقاد**

ئىشەنچ ـ ئېتىقاد ھاياتنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ھەمدە شۇ-

نىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچنى ئۈستىگە ئېلىش دېمەكتۇر.

ياخشى ئادەم دېگەن نامغا كىم مۇناسىپ؟ پەقەت ئىشەنچ - ئېتىقادلىق ئادەملەرلا ياخشى ئادەم دېيىشكە مۇناسىپ. بىر ئادەمنىڭ ئەقىدىلىك ياكى ئەقىدىلىك ئەمەسلىكىنى قانداق ئايرىش كېرەك. ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى ئەخلاقتا ئۇيغۇن كەلگەندە، ئەقىل - پاراسەتكە مۇشەررەپ بولغاندا، بىز ئۇنى ئىشەنچ - ئېتىقادلىق ئادەم دېسەك بولىدۇ.

— «جۇڭگو ھېكمەتلىرى»دىن

بىز باشقىلارغا ئۇلاردىن كۈتكەن شەكىل بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك. يەنى باشقىلاردىن بىزنىڭ ھوقۇقىمىزغا ھۆرمەت قىلىشنى كۈتكەنگە ئوخشاش باشقىلارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىگىمۇ ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك. بۇ پەقەت بىر شەخس ئۈچۈنلا مۇكەممەل پىكىر بولۇپ قالماستىن، بەلكى بىزنىڭ ئىجتىمائىي ئاپپاراتلىرىمىز ۋە دۆلەت سىياسىتىمىز قەتئىي رىئايە قىلىدىغان پرىنسىپ. ئەگەر بىز خۇددى بىزگە ئاتا قىلىنغان ئاسايىشلىق ۋە تىنچلىقتا ھۆددە قىلىشنى ئويلايدىكەنمىز.

— ھېنرى ئېمىل

ئۇلار مەھشەرگاھ يېتىپ كەلدى دەپ، يەنە كېلىپ خۇدانىڭ قەھرى تۇتتى دەپ جاكارلاشتى. لېكىن ئەقىللىق ھەم مۇقەددەس خۇدا ياخشىلىقلا قىلىدۇ. شۇڭا چۆچۈپ كەتمەسلىك كېرەك، ئاخىرقى ئاقىۋەت جەزمەن خۇشاللىنارلىق بولىدۇ.

— «پارس ئەقلىيەلىرى»دىن

ئۆلگەندىن كېيىن يۈز بەرگۈسى ئىشلاردىن ۋايىم يەپ قورقۇپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئۆزىڭىزنى مۇقەددەس ئىنسانىيەتنىڭ

بىر ئەزاسىمەن دەپ بىلىڭ ھەم بۇنى قۇتلۇقلاڭ : مانا بۇنىڭ مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى بىلىسىز ، شۇنداق ئىكەن ، بۇنىڭ يەنە نېمە قورققۇچىلىكى بولسۇن ؟

خرىستۇس قەبرى روھ قىلىنغاندا : «ئېھ ، رەببىم ، روھىمنى ئىلكىڭگە تاپشۇردۇم » دېگەن . تىلى بىلەن ئەمەس ، بەلكى مۇشۇنداق گەپلەرنى ۋىجدانى بىلەن قىلالىغان كىشىلەرلا باشقا ھەرقانداق نەرسىگە موھتاج بولمايدۇ . ئەگەر مېنىڭ روھىم رەببىمنىڭ دەرگاھىغا يېتىپ بارالىسا ، ئۇنداقتا بۇ جاي ئۇنىڭ ياخشى مەنزىلىدۇر ، بۇنىڭدىن ياخشى جاينىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس .

**قەلبىمدە ئىشەنچ - ئېتىقاد بولمىسىمۇ تىنچ - خاتىرجەم ياشىيالايمەن ، دەپ ئويلىماڭ .**

## 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنى  بۈيۈك ئەمرىمەرۇپ

ۋۇجۇدۇڭنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاشۇ بىر نۇقتىنى سۆيىگىن ، بۇ نۇقتا ھەربىرىمىز ئۇچۇن ئورتاق ، بۇ نۇقتىنى سۆيۈش ، خۇدانى سۆيگەنلىك بىلەن ئوخشاش .

ئەڭ بۈيۈك ئەمرىمەرۇپ دېگەن زادى نېمە؟ ئەيسا خۇدانى قەلبىڭلار بىلەن ، روھىڭلار بىلەن ، ئەقلىڭلار بىلەن سۆيۈڭلار دەپ كۆرسەتكەن . مانا بۇ بىرىنچى ، شۇنداقلا ئەڭ بۈيۈك ئەمرىمەرۇپ ؛ ئىككىنچى ئەمرىمەرۇپ . ئۇنىڭ سوزۇلۇشى ، يەنى ئۇ سىلەر ئۆزۈڭلارنى سۆيگەنگە ئوخشاش قوۋم - قوشنىلىرىڭلارنى سۆيۈڭلار دەپ تەلەپ قىلغان . بارلىق شەرئەت مەھكىمىلىرى ۋە بارلىق ۋەھىيلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئىككى ئەمرىمەرۇپ ئۈستىگە قۇرۇلغان .

— «ئىنجىل مەتتا» دىن

سەممىيلىك ، دوستانىلىكنىڭ تاپىدىغىنى ئاز ، خەجلەيدىغى-

ـنى تېخىمۇ ئاز بولىدۇ. بۇلارنى قوشقاندا، ئۇلارنىڭ شارائىتىدىن بىر ئائىلىنى تېخىمۇ بەختلىك قىلغىلى بولىدۇ. ۋاز كېچىش ئامالسىزلىقتىن بولىدۇ، ۋاز كەچكەنلىك ئۇچۇن پەرىشان بولۇش كەتمەيدۇ؛ بەزى دوستلارنى دەپ ئۆز پىرىنسىپىدىن ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ؛ ئەڭ مۇھىمى، دوستلار بىلەن ئوخشاش شارائىتتا ئارىلىشىش كېرەك. بۇ ھەممە ئادەم شەرتسىز ئۇستىگە ئالىدىغان بىر تۇرلۇك قەتئىي، كونكرېت ۋەزىپە.

— روبېرت لۇئىز ستۋېنسون

ئۆز نەپسى ـ خاھىشىڭىزنى بويسۇندۇرۇش يولىدا قانچىلىك جەبىر ـ مۇشەققەت تارتسىڭىزمۇ رايىڭىزدىن قايتماڭ. سىزنىڭ ھەر قېتىملىق تىرىشچانلىقىڭىز ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرنىڭ كۈچىنى بىر قېتىم ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئۇنى سىزگە تېخىمۇ ئاسان بويسۇندۇرىدىغان قىلىدۇ.

ھاياتقا قورقماي يۈزلىنىڭ؛ تەبىئەتنىڭ پىرىنسىپىنى قوبۇل قىلىڭ؛ لېكىن ياۋاشلىق بىلەن بويسۇنماڭ، بەلكى ئۇنىڭ يۈرەك پارىلىرىغا ئوخشاش باتۇرلارچە ئىزدىنىڭ ۋە گۇمانلىنىڭ؛ قەلب تىنچلىقىڭىزنى ساقلاڭ ھەمدە روھىڭىزغا ئىشىنىڭ — بۇلار خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدىغان ئەقىدىلەردۇر.

— مېتېرلىنىك

قولۇم ـ قوشنىلارنى ئۆزىنى سۆيگەنگە ئوخشاش سۆيۈش، نەقەدەر ئاددىي جاھاندارچىلىق پەلسەپىسى ـ ھە! بۇنىڭدىن بىزنىڭ دۇنيايىمىز تېخىمۇ ئىناق، دوستانە بولماسمۇ؟

1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى **ھەربىر ئادەمنى قىزغىن سۆيۈڭ**

سىلەر مەندىن ئەيسانىڭ پەزىلىتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئالاھىدى-لىك نېمە، دەپ سورامسىلەر؟ مەن شۇنداق جاۋاب بېرىمەنكى، ئۇ ئىنسان روھىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا تولۇق ئىشەنگەن. ئۇ ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدىن خۇدانىڭ سىيماسىنى كۆرگەن، شۇڭا مەيلى بۇ ئادەم كىم بولسۇن، مىجەز ـ خاراكتېرى قانداق بولسۇن، ھەربىر ئادەمنى قىزغىن سۆيگەن.

— ۋىلىيام كاننىن

ھەربىر دۆلەت، ھەربىر ئەلنىڭ پۇقرالىرى بىر تەرەپلىمە قاراشلاردىن قەتئىي ساقىت بولۇشى كېرەك، سىز شۇندىلا قەلبى-ڭىزدىكى ئاشۇ سەجدىگاھنىڭ جەننەتكە ئوخشاش پايانسىز ئىكەنلى-كىنى بايقايسىز.

— رالىف ۋالدو ئېمېرسون

خۇدانى چۈشىنىشنىڭ ئىككى خىل يولى بار: بىرى، ئىلىم-ئېرپان يولى؛ بىرى، ئىشەنچ ـ ئېتىقاد ۋە مەنىۋى ئەخلاق يولى. ئىلىم ـ ئېرپان يولى ئارقىلىق خۇدانى چۈشەنگەندە كۆپىيە قىلغۇ-دەك خاتىرجەملىككە ئېرىشكىلى بولمايدۇ، يەنە كېلىپ يېڭىلىشىپ قېلىش خەۋپى تۇغۇلىدۇ؛ مەنىۋى يول ئارقىلىق خۇدانى چۈشەنگەن-دە، ئەخلاقىي ئەمەلىيەتنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئەقىدە ھەم تەبىئىي، ھەم رېئاللىقتىن ھالقىغان بولىدۇ.

— ئېممانۇئېل كانت

**تاشقى دۇنيا بىلەن تۇيۇق يول ئارقىلىق ئۇچراشقاندا ئۆزىڭىز بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىغا بىر توسالغۇ سالغان بولىسىز.**

## 1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ھاياتلىق سەپىرىڭىزنى مۇۋاپىق باشلاڭ

خاتا ئەقىدە بىزنى بەختسىزلىككە دۇچار قىلىدىغان ئاساسلىق سەۋەبتۇر .

كىشىلىك ھاياتنىڭ مەقسىتى نامۇۋاپىق باشلانغان تۇرمۇشنى مۇۋاپىق يولغا سېلىشتۇر . بۇ نۇقتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداش ئۈچۈن ، تۆۋەندىكى مۇنۇ ئىككى ئىشنى ئوبدان قىلىشىڭىز كېرەك :

(1) ھاياتلىقتا نامۇۋاپىق ،ئاقىلانە بولمىغان ئىشلارنى كۆرگەندە ، دىققەت ـ ئېتىبارىڭىزنى ئۇلارغا ئاغدۇرۇشىڭىز ، ئۇلارنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىڭىز كېرەك ؛

(2) ھاياتىڭىزنى مۇۋاپىق ، ئاقىلانە ئورۇنلاشتۇرۇشنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك . ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى بارلىق پېشۋالارنىڭ كىشىلەرنى تەربىيەلەشتىكى مەقسىتى ، كىشىلەرگە ئەسلىي ھاياتىدىكى مۇۋاپىقسىزلىقنى بىلدۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى يەنىمۇ مۇۋاپىق بىر باشلىنىشقا ئىگە قىلىش .

بىز ئۆزىمىزنىڭ خاتا نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئۆزگەرتكەنلىكىمىزدىن خۇشال بولۇشىمىز ، ئۆزىمىزنىڭ بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىنى چۆرۈۋېتىشىمىز ھەمدە كۆكسى ـ قارنىمىزنى كەڭ تۇتۇپ ، تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز كېرەك . ئەگەر بىر ماتروس كېمىدىكى يەلكەنلەرنى ھەمىشە بىر خىل شەكىل بىلەن ئىشلىتىپ ئادەتلەنسە ، شامال يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتكەن تەقدىردىمۇ ،ئۇ كېمە ماچتىسىنى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئۆزگەرتەلمەيدۇ . ئۇنداقتا ئۇ ئۆزى بارماقچى بولغان پورتقا مەڭگۈ يېتىپ بارالمايدۇ .

— ھېنرى گېئورگى

**ئەيسانىڭ ئۆگۈتلىرى تولىمۇ ئاددىي ، ئەگەر ئۇلارنى ئەستايىدىل قوبۇل قىلسىڭىز ، تۇرمۇشىمىزنىڭ ناھايىتى زور يالغانچىلىق بىلەن تولغانلىقىنى ھېس قىلىسىز .**

## 1 – ئاينىڭ 17 – كۈنى **تۇرمۇشنىڭ ھەممە قىسمى**

كىشىلەر دەۋاتقان مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ، ئادەم ئۆز كەسپى بىلەن ئەستايىدىل شۇغۇللىنىشى ھەمدە مەڭگۈ دەۋر-نىڭ ئالدىدىراق مېڭىشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك .

چوققىغا يەتكەن ئادەم تەلەپ قىلىنىۋاتقان ئىشلارنى قىلىش بىلەنلا قانائەتلەنمەيدۇ ، تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلىشنى ئويلايدۇ . ھەربىر ئادەم قەتئىي نىيەتكە كېلىشى كېرەككى ، ئەگەر ئۇ مۇۋەپ-پەقىيەت قازىنىشنى ئۈمىد قىلسا ، باشقىلار تۆلىگەن ھەربىر دول-لارغا ئۆزىنىڭ سەممىي خىزمىتىنى بەدەل قىلىش ئارقىلىق جا-ۋاب قايتۇرۇش كېرەك .

يېڭىلىق يارىتىش ئىشەنچى خىزمەتتىكى تىرىشچانلىق ئارقى-لىق قولغا كېلىدىغان مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ . بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا ، ئۇ تۇرمۇشنىڭ ھەممە قىسمىدۇر .
— ئېدۋارد .خ .خاررىمان

قاچىلانغان سۇيى ئوخشاش بولمىغان ئىككى قاچىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرسا ، سۇيى كۆپ قاچىدىكى سۇ تەبىئىي ھالدا سۇيى ئاز قاچىغا ئاقىدۇ ، تاكى ئىككى قاچىدىكى سۇنىڭ مىقدارى تەڭ-لەشكۈچە شۇنداق بولىدۇ . ناۋادا ئەقىلنى سۇغا قىياس قىلساق ، ئەقىل ئەقىل بىلەن تولغان ئادەمنىڭ كاللىسىدىن ئەقلى كەم ئادەمنىڭ كاللىسىغا ئاقىدۇ . شۇنداق بولسا نەقەدەر ياخشى - ھە ! بىراق گەپ شۇ يەردىكى ، ئەقىلگە ئېرىشىش ئۈچۈن ، جاپالىق ،

www.uyghurkitap.com

بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

بىر ئادەمنى ياخشىلىقتا ۋە كۆيۈمچانلىقتا دەۋەت قىلالايدىغان تۈرۈكلۈك ئۇنداق قىلمىساڭ، بىر قېرىندىشىڭدىن ۋاز كەچكەن بولىسەن.

— «جۇڭگو ئەقلىيەلىرى»دىن

> جەمئىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولغانىكەنسەن، ئۆز قەلبىڭنى پاكلاپ تۈرۈشۈڭ كېرەك، يەنە كېلىپ مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشالايدىغانلىقىڭغا ئىشەنسەڭ بولىدۇ.

## 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ھەقىقىي بىلىم

ئۆلىمالار دەستە ـ دەستە كىتابلارنى ئوقۇيدۇ؛ ياخشى تەربىيە ئالغان كىشىلەر بىلىمگە ۋە ماھارەتكە ئىگە بولىدۇ؛ ئارىفلار (ئويغاتقان، بىلگەن) ھاياتنىڭ مەنىسىنى ۋە ئىستىكىنى چۈشىنىدۇ.

يەن تۈرىنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق، ھالبۇكى «ھاياتنىڭ مەنىسى نېمە؟ نېمىنىڭ ھاياتقا پايدىسى بار؟» دېگەنلەر ئەڭ ئەقەللىي جۈزئىي پەنلەردۇر. ناۋادا بۇ پەندىن ئايرىلساق، باشقا شەكىللەردىكى بارلىق بىلىم ۋە سەنئەت خىرە، مەنىسىز، ھەتتا ئىنتايىن خەۋپلىك بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ.

بەزىلەر قىلچە مەنىسىز ياشايدۇ، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئەڭ ئەقىللىق كىشىلەر ئاڭقىرغان ھايات ھەقىقەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈگەن بولىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەب، بىزنىڭ ياش بوغۇنلىرىمىز بىر خىل خاتا شەكىلدىكى تەربىيەنى قوبۇل قىلغاندۇر. ئاللىكىملەر ئۇلارغا تۈرلۈك پەنلەردىن ساۋاق بېرىدۇ، ئەھمىيەتلىك ياشاش ھەققىدە ساۋاق بەرمەيدۇ.

**بىردىنبىر توغرا بولغان ئىلىم ئادەم قانداق قىلغاندا ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزەلەيدۇ دېگەن ھەقىقىي بىلىملەرنى بايان قىلىدۇ. بۇنداق ھەقىقىي بىلىملەرنى ھەربىر ئادەم ئۆگىنىشكە زۆرۈر.**

## 1 ــ ئاينىڭ 19 ــ كۈنى **ئۆزىنى قۇربان قىلىش**

جەمئىيەت پەقەت پىداكارلىقتا تايىنىپلا ئاندىن ئالغا باسىدۇ.

كۆك بىلەن يەر مەڭگۈلۈكتۇر. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈنلا مەۋجۇت بولمايدۇ. مادامىكى، ئارىفلىق مۇقامىغا يەتكەن ھەربىر چىن ئىنسان دۇنيادا ئۆزى ئۈچۈنلا ياشىمايدۇ، شۇڭا ئۇ ئۆچمەس ئادەم بولالايدۇ؛ شۇڭا ئۇ ھەممىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ.

— لاۋزى

ئىجتىمائىي ۋە شەخسىي تۇرمۇشىڭىزدا شۇنداق بىر پىرىنسىپ باركى، ئاۋۋال ئالغا ئىلگىرىلىمەكچى بولىدىكەنسىز، جەزمەن رازىمەنلىك بىلەن ئۆزىڭىزنى قۇربان قىلىشىڭىز كېرەك.

**بىر ئادەمنىڭ تەرەققىياتىنى ئۇنىڭ مەنىۋى ئەركىنلىك سەۋىيەسى بىلەن ئۆلچەش كېرەك، بىر ئادەم پەس، چاكىنا ئۆزلۈكتىن قانچىكى قۇتۇلالىسا، ئۇ مەنىۋى ئەركىنلىككە شۇنچىكى ئېرىشەلەيدۇ.**

## 1 ــ ئاينىڭ 20 ــ كۈنى **بۈگۈنگە كۆپ باش قاتۇرۇڭ**

ئۆلۈم بىلەن كۆرۈم ئىككى قۇتۇپتۇر. ھەربىر قۇتۇپنىڭ كەينىگە مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بەزى ھالەتلەر يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

ئۆلگەندىن كېيىن روھىم قانداق بولار؟ دېگەننى ئويلىغان

ۋاقتىڭىزدا، تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى روھىم قانداق بولغىيتى؟ دېگەنىمۇ ئويلاپ بېقىشىڭىز كېرەك. مۇبادا سىز قايسىبىر جايغا بارماقچى بولغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا سىز دۇنياغا ئاشۇ جايدىن كەلگەندۇرسىز.

ئۆلگەندىن كېيىن نەگە بارىمىز؟ نەدىن كەلگەن بولساق شۇ يەرگە بارىمىز. ئۇ يەردە بىز ئۆزىمىز دېيەلىگۇدەك ھېچنېمە يوق؛ شۇڭا، بىز ئۇ يەردە باشتىن كەچۈرگەن بارلىق نەرسىنى ئەستە تۇتالمايمىز.

بىر ئادەم ھاياتىنىڭ ئەڭ گۈزەل مىنۇتلىرىغا ھەقدار بولۇۋاتقاندا، كۆز ئالدىدىكى ئۇشبۇ دەقىقىلەردە ئىنتايىن بەختلىك بولىدۇ، يەنە كېلىپ بۇنىڭدىن كېيىن نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆلۈمنى خىيالىغا كەلتۈرسە، بۇ ھاياتىنىڭ ناھايىتى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى كۆرىدۇ. يەنە كېلىپ ئۆلگەندىن كېيىنكى ھەممە ئىشلارنىڭ مۇشۇنداق ياخشى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. خۇدانىڭ بىزگە بۇيرۇغانلىرىنىڭ پۈتۈنلەي ياخشى بولىدىغانلىقىغا جەننەتتىكى بارلىق ھۇزۇر - ھالاۋەتلەرگە بولغان ئىشەنچىتىنمۇ ئېشىپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

ئۆلگەن ۋاقتىمىزدىلا، روھىمىز ئاندىن ئەركىنلىككە ئېرىشىدۇ.
— ھېراكلىت

**ئادەم ئاخىرەتتە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى كۆپ ئويلاپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ. بىزنى مۇشۇ دۇنياغا ئۇزىتىپ قويغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇش كېرەك؛ ئۇ ئىرادە كاللىمىزدا ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ ھەمدە يۈرەك قېتىمىزدا چوڭقۇر ساقلىنىدۇ.**

## 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى  ئۆزلۈك تەربىيەسى

بىر ئادەم ئىشنى قـاـدـچــەـكـى ئاقىلانىلىك بىلەن قىلسا ، ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىنى شۈنچىلىك بېسىۋالالايدۇ ـ دە ، تېخىمۇ يۈكسەك دەرىجىدىكى مەنىۋى دۇنياسىغا يۈرۈش قىلالايدۇ . خۇدانىڭ ھىمايىسىگە ۋە قولۇم ـ قوشنىلىرىنىڭ غەمخورلۇقىغا شۈنچىلىك ئېرىشەلەيدۇ .

ئەگەر بىر ئادەم دەھشەتلىك بوران ۋە چېلەكلەپ قۇيۇلۇپ تۇرغان قارا يامغۇرغا دۇچ كەلگەندە ، يامغۇر ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۆگزىلىرىنى ۋە ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنى ئەتمەي ، سىرتقا چىقىپ بوران ، يامغۇر ۋە قارا بۇلۇتلارنى تىللاپ ، قاقشاپ دادلىسا ، جەزمەن روھىي جەھەتتىن بىنورمال ئادەم ئىكەن ، دەپ قارىلىدۇ . لېكىن بىزمۇ باشقىلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يامانلىقنى ئەيىبلەپ ، ئۆز ۋۇجۇدىمىزدىكى يامانلىق بىلەن كۆرەش قىلمىساق ، بىزمۇ ئوخشاشلا ساراڭلىق قىلغان بولىمىز . ۋۇجۇدىمىزدىكى يامانلىقنى چىقىرىۋېتىش خۇددى ئۆگزە ۋە ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى ئەتكەنگە ئوخشاشلا قىلغىلى بولىدىغان ئىش . بۇلارنىڭ ھەممىسىگە قۇربىمىز يېتىدۇ . بىراق ، بۇ دۇنيادىكى يامانلىقنى بىتچىت قىلىش ، خۇددى كىلىماتنى ئۆز رايىمىز بىلەن ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇق قىلالمىغاندەك ، ئاسماندىكى قارا بۇلۇتلارنى يوقىتىشقا ئامال قىلالمىغاندەك چامىمىز يەتمەيدىغان ئىش . ئەگەر ھە دېگەندىلا باشقىلارغا ساۋاق بەرمەي ، بەلكى ئۆزىمىزنى ئۆزلۈكسىز تەربىيەلىسەك ، ئۆزىمىزنى يۈكسەلدۈرسەك ، بۇ دۇنيادىكى يامانلىقلار جەزمەن ئازلايدۇ ، كىشىلەر تېخىمۇ گۈزەل ، ئىناق ياشايدۇ .

ئازراق يېڭىلىشىپ قالغانلىقىمىز ئۈچۈنلا بېشىمىز چۈشۈپ كەتسە بولمايدۇ . ئۆز خاتالىقىنى تونۇشتىنمۇ ئارتۇق ئۆزىنى تەربىـ

www.uyghurkitap.com

يەلەيدىغان نەرسە يوق . بۇ ئۆزىنى تەربىيەلەشنىڭ ئەڭ ئېسىل يولى .

— توماس كارلىل

بىز ئوچۇق خىزمەتنى ، يەنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان خىزمەتنى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم خىزمەت دەپ ھېس قىلىمىز . بىنا سېلىش ، بوزيەر ئېچىش ، كالا بېقىش ، مېۋە ئۈزۈش ، ۋەھاكازا . ھالبۇكى ئاشۇ مەۋھۇم خىزمەتنى ، يەنى قەلبىمىزدە ئۇن ـ تىنسىز ئارتقۇرىدىغان خىزمەتنى ئانچە مۇھىم بىلمەيمىز . ئەمەلىيەتتە ، قەلبىمىزنى ئېرىشقداشنى مەقسەت قىلغان ئاشۇ مەۋھۇم خىزمەتلەر بۇ دۇنيادىكى ئەڭ مۇھىم خىزمەتتۇر . پەقەت مۇشۇ ئاساسلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىسەكلا ، بىز قىلماقچى بولغان باشقا ئوچۇق خىزمەتلەردە ئاندىن نەتىجە قازىنالايمىز .

1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى **ھاياتنى قەدىرلەش**

ھەرقانداق ئىش ۋە ھەرقانداق پەۋقۇلئاددە ئەھۋال بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھەققانىي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ . ئۆلتۈرۈش خۇدانىڭ قانۇنى ئالدىدىكى ئەڭ چوڭ گۇناھتۇر . بۇ نۇقتا بارلىق دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ ھەممىسىدە بايان قىلىنغان ، يەنە كېلىپ ھەممە ئادەم ۋىجدانەن ئېتىراپ قىلغان .

ھەربىي مەجبۇرىيەت ئادەمنى چۈشكۈنلەشتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن ، چۈنكى تىنچ دەۋرلەردىكى قىسىم تۇرمۇشى ئادەمنى ئاسانلا بىكار تەلەپلەشتۈرۈۋېتىدۇ ؛ قىسىمدا ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن ئادەم پايدىلىق ئەمگەكلەر بىلەن ناھايىتى ئاز شۇغۇللىنىدۇ . ئۇلار بۇنداق ئەمگەك مەجبۇرىيىتىدىن خالاس قىلىنغان بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇلار ئەكسىچە دىنىي تېررورلۇقنى ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ دۈشمەنلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ

دەرىجە كۆز قارىشىنى مۇتلەق بويسۇندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ .

پۇقرالار مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە ، ئۇلار بۇنداق تۈرمۈش شەكلىدىن خىجىللىق ھېس قىلىدۇ . دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ، ئارمىيە بۇ خىل تۈرمۈش شەكلىدىن ئىپتىخارلىق ھېس قىلىدۇ . يەنە كېلىپ بۇنىڭ ئۈچۈن جىنىنىڭ بارىچە پو ئاتىدۇ . بولۇپمۇ ئۇرۇش مەزگىللىرىدە تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ . ئۇلار ھەمىشە مۇنداق دەيدۇ : «بىز ئۇرۇشتا ھاياتىمىزنى قۇربان قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييارلىنىپ قويدۇق . شۇڭا بۇنداق بىمالال خۇشال تۈرمۈش بىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم . بىز مۇشۇنداق تۈرمۈش كەچۈرۈشكە ھەقلىق . »

**ھەممە ئادەم مانا مۇشۇنداق مۇقەددەسلىككە ئىگە ، ھەرقانداق ئادەم ياكى ھەرقانداق بىر توپنىڭ بۇ خىل مۇقەددەسلىك بىلەن ئادەمنىڭ جىسمانىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بۇ خىل باغلىنىشنى نابۇت قىلىش ھوقۇقى يوق ، يەنى ھەرقانداق ئادەم ياكى ھەرقانداق بىر توپنىڭ بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنى تارتىۋېلىش ھوقۇقى يوق .**

## 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى **ئاچچىقىڭىزنى بېسىۋېلىڭ**

كىشىلەر ئارىسىدىكى ئۆزئارا كۆيۈنۈش ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئاساسلىق بەختتۇر ، لېكىن بارلىق گۇناھلار ئىچىدە بۇ ئاساسلىق بەختنى بېسىپ كېتىدىغان بىر خىل گۇناھ بار : باشقىلارغا غەزەپلىنىش ، نەپرەتلىنىش ئارقىلىق ھاياتلىقتىكى بۇ خىل بەختنى دەپسەندە قىلىدىغان باشقا بىر خىل گۇناھ بولمايدۇ .

سېنېكا رىمدىن چىققان بىر دانىشمەن ، ئۇ سىز غەزەپلەنمەكچى بولغاندا ، قەلبىڭىزدىكى ئاچچىقنىڭ ئۆرلەۋاتقانلىقىنى ھېس

قىلغان ۋاقتىڭىزدا ، قولىڭىزدىن كېلىدىغان ئەڭ زور ۋاستە ئاچچىقنى بېسىۋېلىش ، دەپ جاكارلىغان . بۇنداق چاغدا ھېچقانداق ئىش قىلماسلىقىڭىز كېرەك . ماڭماسلىقىڭىز ، بەدىنىڭىزنى مىدىرلاتماسلىقىڭىز ، گەپمۇ قىلماسلىقىڭىز لازىم . ئەگەر تېنىڭىز ياكى تىلىڭىز بۇ ۋاقىتتا مىدىرلاپلا سالسا ، ئاچچىقىڭىز شۇئان ئۆرلەيدۇ .

ئاچچىق ھەرقانداق كىشى ئۈچۈن زىيانلىق . ھالبۇكى ، ئۇنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان ئادەم ئۈچۈن ئۇنىڭ زىيىنى تېخىمۇ چوڭ .

بىر رەزىل ئادەم باشقىلارنىلا نابۇت قىلماستىن ، ئۆزىنىمۇ نابۇت قىلىدۇ .

— سوقرات

دۈشمىنىڭىز سىزگە غەزەپلىك مۇئامىلە قىلىپ ، سىزنى ئازابلايدۇ ، لېكىن سىز ئۇچرىغان ئەڭ زور زەربە قەلبىڭىزدە ساقلىنىۋاتقان غەزەپ ۋە ئاداۋەتتىن كېلىدۇ . ئەگەر سىز ئىچىڭىزدە باشقىلارنى كەچۈرسىڭىز ، باشقىلارنىڭ سىزگە كەلتۈرگەن زەخمەتلىرىنى ئۇنتۇۋەتسىڭىز ، ئۇ ھالدا سىز خاتىرجەم ياشىيالايسىز . ھالبۇكى ئاتا - ئانىڭىز ۋە پۈتۈن ئائىلىڭىزدىكىلەرمۇ سىزنىڭ بۇنداق قىلىشىڭىزغا ياردەم بېرەلمەيدۇ .

— «بۇددا ئەقلىيەلىرى»دىن

ھەرقانداق ئىش غەزەپلىنىشنىڭ يوللۇق ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ . غەزەپلىنىشنىڭ سەۋەبى ئۆزىڭىزدە .

## 1 – ئاينىڭ 24 – كۈنى **مۇكەممەللىك**

ئىنسانىيەتنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ ، ئەڭ ئالىي ئەقىل سىزنىڭ قەيەرگە بېرىشىڭىز كېرەكلىكىنى ، مۇكەممەللىككە يۈزلىنىشىڭىز كېرەكلىكىنى بىلىدۇ .

ئەقىللىق ئادەم ئۆزلۈكسىز ئەقىل تاپىدۇ ، ساراڭلارلا ئاللىقا-چان ئەقىللىق بولدۇم دەپ ئويلايدۇ .

— پارس تەمسىلى

بىز ئىگىلەپ تۇرغان ئورۇن ئانچە مۇھىم ئەمەس ، مۇھىمى بىز ئىلگىرىلەيدىغان نىشان .

— ئولىۋېر ۋېندىل ھولمېس

ئىش - ھەرىكىتىڭىز ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەر خا-ھىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى ، بەلكى پۈتكۈل ئىن-سانىيەتنىڭ ئارزۇسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىشى كېرەك .

## 1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى  **ئەخلاقىي مۇكەممەللىك**

ھەربىر ئادەم چوقۇم ئىگىلىمىسە بولمايدىغان بىر ئاساسىي بىلىم بار . بۇ ئاساسىي بىلىمنى ئىگىلەشتىن ئىلگىرىكى باشقا ھەرقانداق بىلىم ئادەم ئۈچۈن زىيانلىقتۇر .

سوقرات تالىپلىرىغا مۇنداق دەيدۇ : ئېسىل مائارىپ تۈزۈلمى-سىدە ھالقىپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان بىر چەك - چېگرا بار . سىز بىر پارچە يەرنى ئالماقچى ياكى ساتماقچى بولغاندا ، ئۇنى قانداق ئۆلچەشنى بىلسىڭىزلا بولدى ؟ سىز مىراسنى قانداق تەقسىم قىلىشنى ياكى خىزمەتنى قانداق ۋاقىتتا باشقىلارغا مۇۋاپىق تەقسىم قىلىپ بېرىشنى بىلسىڭىزلا بولدى . گەرچە ئۇ ھەممىنى بىلسىمۇ ، ئۇنچىۋالا كۆپ مۇرەككەپ ئىلىملەرنى ياقتۇرمايدۇ . ئۇ مۇنداق مۇرەككەپ بىلىملەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ زىيادە تىرىشچانلىق كۆرسى-تىشىنى تەلەپ قىلىدۇ ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئەڭ ئاساسىي ، ئەڭ مۇھىم بولغان ئىستەك : ئەخلاقىي مۇكەممەللىكنى ئۆگىنىشكە يېتەرلىك ۋاقتى بولمىسىمۇ ، بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىممەتلىك ۋاق-تىنى ئىگىلىۋالىدۇ .

— سېنوفېن

نەزىرىڭىزنى يالغان ـ ياۋىداق دۇنياسىدىن نېرى قىلىڭ . تۇيغۇ-ڭىزغا ئىشىنىپ كەتمەڭ . سىز پەقەت ئۆز ۋۇجۇدىڭىزنىلا ، پەقەت شەخسىيەتچىلىكتىن ئايرىلغان ئۆزلۈكىڭىزنىلا ئاساس قىلىڭ ، ئاز-دىن مەڭگۈلۈك مەنزىلنى تاپالايسىز .

— بۇددا ئەقلىيەلىرىدىن

**ھاياتلىقنىڭ تۈپ پىرىنسىپلىرىنى ئىگىلەش نۇرغۇن-لىغان زۆرۈرىيەتسىز ئىلىملەرنى ئۆگەنگەندىن ئەلا . ھا-ياتلىقتىكى ئاساسلىق پىرىنسىپ سىزنىڭ يامانغا يانتاياق بولۇشىڭىزنى توسىدۇ . بەلكى سىزگە توغرا ھاياتلىق يو-لىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ؛ لېكىن قىلچە زۆرۈرىيىتى بولمى-غان ئىلىملەرنى ئىگىلەش سىزنى تەكەببۇرلۇق قاپقىنىغا سەكرىتىپ ، ياشاشنىڭ تۈپ پىرىنسىپىنى ئىگىلىشىڭىزگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ .**

## 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى **مېھىر ـ مۇھەببەت ئەمەلىي بولسۇن**

بېيىش ئۈچۈن شەپقەتسىز بولۇش كېرەك . ئەگەر باي ، زەر-دارلار رەھىمدىللىشىپ كەتسە ، ئۇ مال ـ دۇنياسىدىن ناھايىتى تېزلا ئايرىلىپ قالىدۇ .

باشقىلارنىڭ مال ـ دۇنياسىنى تالان ـ تاراج قىلماسلىق كېرەك ، يەنە كېلىپ تىلەپ يۈرگەن دەۋانىلەرگە ئۇچرىغاندا ، سې-خىيلىق بىلەن ئاز ـ تولا سەدىقە قىلىشىڭىز كېرەك . بىز ئىككى قولىمىزغا تايىنىپ باشقىلاردىن تاپقان پۇلنى يەنە شۇ ئىككى قولى-مىز ئارقىلىق ئۆزىمىزدىن نامراتلارغا ھەدىيە قىلىپ بېرىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ . نامراتلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ، بىز تېخىمۇ نامرات-لاردىن بايلىق شىلىۋالىمىز ، بۇنداق «خەير ـ ساخاۋەت» نى قىلى-مىغان تۈزۈك .

— سانت جون كرىسوستو

بايلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى زەھەرخەندىلىك ئۇلارنىڭ رەھىمدىل-لىك ئەخلاقىنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيدىغانلىقى .

دۇنيادىكى بايلىققا كىم ئىگە بولسا بولسۇن ، ناۋادا باي بولۇش-نى كۆزلەپ رەھىمدىللىكنى چۆرۈۋەتسە ، خۇدانىڭ مۇھەببىتى ئۇ-نىڭ ۋۇجۇدىدىن ئورۇن ئالالىسۇنمۇ ؟

بالىلىرىم باشقىلارغا كۆيۈنۈشنى ئاغزىمىزدىلا داۋراڭ سېلىپ قالماي ، مۇھەببەتنىڭ چىن مەنىسىنى چۈشىنىشىمىز ، مېھىر - مۇھەببىتىمىزنى ھەرىكىتىمىزگە سىڭدۈرۈشىمىز لازىم .

مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ئېغىزدىلا توختاپ قالماي ، ھەرىكىتى-مىزدىمۇ ئەمەلىيلىشىشى ئۈچۈن ، ھەربىر ئادەم ياردەمگە موھتاج ، ھەربىر ئادەمگە ياردەم بېرىشى كېرەك .

**ئەگەر بىراۋ سەندىن ياردەم تىلىسە ، قارشى تەرەپنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى بىلەن ھېسابلاشماي ياردەم قىلى-شىڭ كېرەك ، ھەرقانچە باي بولساڭمۇ ئۇزۇن ئۆتمەي پۇ-تۇنلەي سورۇلۇپ كېتىسەن .**

## 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى **باشقىلارغا كۆيۈنۈك**

باشقىلارغا كۆيۈنۈش ئادەمگە ھەقىقىي ياخشى تۇيغۇ بېغىشلاي-دۇ ، بەلكى ئۇ ئادەمنى باشقىلار بىلەن بىر تەن - بىر جان قىلىدۇ .

ئاقىللار شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ باشقىلارغا كۆيۈنىدۇكى ، ھەرگىزمۇ ئۇلاردىن پايدا - مەنپەئەت ئېلىشنى كۆزلىمەيدۇ . بەلكى ئۇ باشقى-لارغا كۆيۈنۈشتىن بەخت تاپىدۇ .

ئۆتكەن ئىشلار ئۈچۈن ئۆكۈنمىگۈلۈك، غۇم ـ ئاداۋەتنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن، يالغانچىلىق غۇم ساقلاشنى ئۆگەتسە، چىنلىق قەلبىمىزنى مۇھەببەتكە چۈمكەپ، بارلىق ئازاب، ھەسرەتلەرنى ئۇنتۇپ كېتىپ، كەچكىچە تەگەۋرەمەسلىكنى سەمىمىزگە سالىدۇ. مۇھەببەت نۇرىغا چۈمۈلۈپ ياشىسىڭىز ئارمىنىڭىز چېچەك ئاچىدۇ.

— «پارس ئەقلىيەلىرى» دىن

ئۇلار بىر جۇڭگولۇقتىن «ئىلىم دېگەن نېمە؟» دەپ سوراپتۇ. جۇڭگولۇق: «ئىلىم دېگەن ئادەمنى چۈشىنىش» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇلار ئارقىدىنلا: «ئۇنداقتا، گۈزەل ئەخلاق دېگەن نېمە؟» دەپ سوراپتۇ. جۇڭگولۇق: «گۈزەل ئەخلاق ئادەمگە كۆيۈنۈشتۇر» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

بىر ئانا ئۆزىنىڭ يالغۇز پەرزەنتىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن خېيىم ـ خەتەرگە پەرۋا قىلمىغانغا ئوخشاش، ھەربىر ئادەم ئۆز ۋۇجۇدىدىكى باشقىلارغا بولغان كۆيۈنۈش ھېسسىياتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغدىشى كېرەك.

كۆيۈنۈش بىزگە باتۇرلۇق، تىنچلىق، مەنىۋى خاتىرجەملىك ۋە خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ. ئۇ شۇقەدەر قىممەتلىككى، دۇنيادىكى باشقا ھەرقانداق نەرسىنى ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. غەمخورلۇقنىڭ ھەقىقىي بەخت ئەكېلىدىغانلىقىنى چۈشىنىدىغانلىكى كىشىلەر بۇ قائىدىنى تېخىمۇ چۈشىنىدۇ.

**دانىشمەنلەر مېھىر ـ شەپقەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن باشقىلارغا كۆيۈنمەيدۇ، بەلكى ئۇ باشقىلارغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتىدىن شەپقەتكە ئېرىشىدۇ.**

## 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى مەنىۋى پرىنسىپقا رىئايە قىلىش

بىر ئادەم باشقىلارنى ھەقىقىي ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرىدىغان پرىنسىپنى بىلمەكچى بولسا، ئۆز ھاياتىنى ماددىي قاتلامدىن مەنىۋى قاتلامغا يۈكسەلدۈرۈشى كېرەك.

دېيىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن گەپلىرىم بار، سەن ئىچىڭدىكى ئاشۇ مەنىۋى ئادەمنى يۈكسەلدۈرۈشۈڭ كېرەك. بۇنى ئورۇندىغان ۋاقتىڭدا، ئۇ ئادەمنىڭ ئالەمدىكى باشقا ھەرقانداق ئادەمدىن پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى بىلىپ قالىسەن.

سىرتىدىن قارىغاندا، بىز ھەممىمىز مەنىۋى جەھەتتىن پەرقلىنىدىغاندەك قىلىمىز. دەرەختە ئېچىلغان بىر تال گۈل بىر ئايرىم گەۋدە دەپ قارىلىشى مۇمكىن، لېكىن ھەممە گۈللەر بۇ گۈلگۈن دەرەخنىڭ تەركىبىي قىسمى، ئۇلار ئوخشاش بىر ئۇرۇقنى مەنبە قىلغان.

بىز بۇ دۇنيادا بىردەملىككلا ياشايمىز، لېكىن مەڭگۈلۈك ھايات قانۇنىيىتى بويىچىلا ياشىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

— ھېنرى داۋىي تورو

ئىنسانىيەت پەيدا قىلغان سۈنئىي قانۇنىيەتلەرگە بويسۇنۇش ئادەمنى قۇل قىلىدۇ. خۇدا يارانقان پرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىش بىر ئادەمنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرىدۇ.

## 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئەقىلگە قانداق ئېرىشىش كېرەك؟

ئەقىل دېمەك، ھاياتلىق ئىستىكىنى چۈشىنىش ھەمدە ئۇنى

قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇش دېمەكتۇر.

ئەقىلگە مۇنداق ئۈچ خىل شەكىل بىلەن ئېرىشكىلى بولىدۇ: بىرىنچى خىل شەكلى ئويلىنىپ تەپەككۇر قىلىش، بۇ ئالىيجاناب بىر خىل شەكىل؛ ئىككىنچى خىل شەكلى تەقلىد قىلىش، بۇ ئادەمنى ئەڭ ئاسان ھاياجانلاندۇرىدىغان بىر خىل شەكىل؛ ئۈچىنچى خىل شەكلى تەجرىبە قىلىش، بۇ ئەڭ قىيىن بىر خىل شەكىل.

— كۇڭزى

ئادەمنىڭ ئەۋزەللىكى ئۇ ئىگىلىگەن بىلىملەردە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بىلىم ئىگىلەش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىدا.

— راسسىن

ئەگەر سەن ئۆزۈڭنى تەتقىق قىلماقچى بولساڭ، ئۇنداقتا باشقىلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى كۆزەتكىن؛ ئەگەر باشقىلارنى تەتقىق قىلماقچى بولساڭ، ئۇنداقتا ئۆزۈڭنىڭ ئىچكى دۇنيايىڭنى كۆزەتكىن.

— فرىدىرىچ ۋون شىللېر

قەلبىڭ سېنىڭ سوراقخاناڭدۇر، شۇنداقلا سېنىڭ پاناھگاھىڭدۇر. ئۆز قەلبىڭ سېنىڭ ئەڭ ئالىي سودىيەڭدۇر.

— مانى

ھەقىقىي ئەقىل بارلىق شەيئىلەردە ئايان بولۇپ تۇرىدۇ.

## 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ياماننىقا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭ

بەزىلەر سوقراتنىڭ كەملىكىنى سورىغاندا، سوقرات ئۆزىنى

دۇنيا پۇقراسى دەپ جاۋاب بەرگەن . ئۇ ئۆزىنى ئالەم ئادىمى دەپ قارىغان .

— سىتسىرو

قەدىمكى دەۋرلەردە ، كىشىلەر بىرەر ئېيىقنى ئۆلتۈرمەكچى بولسا ، بىر ئاياغ ھەسەلنىڭ ئۈستىگە ناھايىتى ئېغىر بىر ياغاچنى ئېسىپ قويىدىكەن . ئېيىق ئاياغدىكى ھەسەلنى يەيمەن دەپ ، ئې- سىلغىق ياغاچنى ئىتتىرىدىكەن ، ياغاچ ئىتتىرىلگەن ھامان ، ئۇيان - بۇيان تەۋرىنىدىكەن . ئۇ تەۋرەنگەندە ھەسەل يېمەكچى بولغان ئېيىققا سوقۇلىدىكەن ، ئېيىق ئۆزىگە ئۇرۇلغان ئۇ ياغاچقا غەزەپلىنىپ ، ئۇنى تېخىمۇ جەھلى بىلەن ئىتتىرىدىكەن . ياغاچ ئالدىغا تەۋرىنىپ ئارقىغا يانغان چاغدا ئېيىققا تېخىمۇ قاتتىق ئۇرۇ- لىدىكەن . مۇشۇنداق قىلىپ ، غەزەپلەنگەن ئېيىق تاكى ئۆزى يا- غاچقا سوقۇلۇپ ئۆلگەنگە قەدەر ياغاچنى توختىماي ئىتتىرىدىكەن . ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن كىشىلەر ئاشۇنداق شەكىلدە ئىش قىلىدۇ . ئۇلار رەزىللەرنىڭ دامىغا چۈشكەندە ، جەھلى قىتىپ ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلماقچى بولىدۇ . بۇنداق ئەھۋالدا ئادەمنى ئېيىق- تىن قانچىلىك ئەقىللىق دېگىلى بولسۇن ؟

رەزىللەر ئۆزلىرىنىڭ يامانلىقلىرىدىن لەززەتلىنىدۇ . لېكىن سەن يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشۇڭ كېرەك . شۇن- داق قىلساڭ ئۇلارنىڭ يامان غەرەزدىكى ئېرىشمەكچى بولغان خۇ- شاللىقىنى يوقىتالايسەن .

چىن مۇھەببەت ئەقىدىسى كۈچ - قۇۋۋەت بىلەن تولغان بولىدۇ . يامانلىق يېتىلىپ قانات - قۇيرۇقلىرىنى چىقىرىپ بول- غىچىلا ئۇنى يوقىتىدۇ .

باشقىلارنىڭ زەھەرخەندىلىكىگە رەھىمدىللىك بىلەن مۇئامىلە قىلماق زۆرۈر . بۇنىڭ بىلەن يامانلىقتىن ھوزۇر ئېلىش غەرىزىنى يوقىتىۋېتەلەيسەن .

1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى **يالۋۇرماسلىق**

ئىنتايىن مەمەدان تەكەببۇر كىشىلەرلا بىر خىل دىنىي پىرىنسىپنى ئورناتماقچى بولىدۇ ھەمدە كىشىلەردىن ئۇنى ھېچقانداق بەس - مۇنازىرىسىز ياكى شەك - شۈبھىسىز قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ .

كىشىلەر نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغاندۇ ؟

نېمىدېگەن غەلىتىلىك - ھە ! مۇتەھەم لوكچەكلەر دىنىي مەنپەئەت ئۈچۈن ئۆزىمىزنى قۇربان قىلىمىز دەپ جېنىنىڭ بارىچە داۋراڭ سېلىشىدۇ ، ئۆزلىرىنى ئەڭ يۇكسەك پەزىلەت ئىگىسى ياكى ۋەتەنپەرۋەر دەپ لاپ ئۇرۇشىدۇ . ئۇلار بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىپلاس قىلمىشلىرىنى يوشۇرماقچى بولىشىدۇ .

— مېنرىخ ھېينى

سەن ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتلىق ۋە مەدەنىيەت بالاغىتىنى مەجبۇرىي تېزلىتەلمەيسەن ، خۇددى ئاستا كۆكلەۋاتقان دەرەخنىڭ ئۆسۈشىنى زورلاپ تېزلەتكىلى بولمىغاندەك . بۇ ھەممىگە قادىر خۇدانىڭ ئىنايىتىدۇر . بارلىق گۈزەل شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى ئاستا - ئاستا ئۆسۈپ يېتىلىدۇ .

— گاينور

ئەگەر بىز باشقا دۆلەتلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا كۈشكۈرتۈلسەك ، ئۆز مەدەنىيىتىمىزنىڭ بىر ئېلېمېنتىنى ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر ئېلېمېنتىنى يوقاتماقچى بولۇۋاتقانلىق-

مىزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك . پەقەت ئۇرۇش رەزىللىك دەپ قارىلىدىكەن ، ئۇنىڭ جەزىبىسى مەڭگۈ يوقالمايدۇ . پەقەت ئۇ چاكىنا ، پەس دەپ قارالغان ۋاقىتتىلا ، ئۇ ئاندىن قايتا بازار تاپالمايدۇ .

**يەڭگىل ، ئازادە خاراكتېرگە ئىگە بولۇشنى ئويلىساق ، كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمىز كۆپ بولۇشى زۆرۈر .**

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تەن روھقا بويسۇنۇشى كېرەك

روھنىڭ مەنبەسىنى ماددىي نۇقتىدىن ئىزاھلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس .

ئادەم تەن بىلەن روھتىن تۈزۈلگەن . لېكىن كىشىلەر ئادەتتە تەنگە بەك قىزىقىدۇ . بولۇپمۇ ياش ۋاقتىدا تېخىمۇ شۇنداق . ھالبۇكى ، ئادەمنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك تەرىپى ئۇنىڭ تېنى ئەمەس ، بەلكى روھىدۇر . سىز تېنىڭىزنى ئەمەس ، روھىڭىزنى تۈجۈپىلەپ پەرۋىش قىلىشىڭىز كېرەك . بۇ قائىدىنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك ، بەلكى ھەقىقىي ئادىمىلىكىڭىزنىڭ مەنىۋىيىتىڭىزدە ئىكەنلىكىنى ، يەنى روھىڭىزدا ئىكەنلىكىنى مەھكەم ئەستە تۇتۇشىڭىز كېرەك . روھىڭىزغا پانىيلىقنىڭ كىرلىرىنى قوندۇرماڭ ، تېنىڭىزنى ئۇنىڭغا قوماندانلىق قىلدۇرماڭ ؛ تېنىڭىزنى روھىڭىزغا بويسۇندۇرۇڭ ، شۇندىلا ئۆز تەقدىرىڭىزگە ئۆزىڭىز ئىگە بولالايسىز ھەمدە تۇرمۇشىڭىزنى بەختلىك ئۆتكۈزەلەيسىز .

— ماركۇس ئاۋرېلىيۇ

گەپنىڭ پوسكاللىسى بىزنىڭ روھىيەت ئالىمىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشىنىش ـ ئىشەنمەسلىكىمىزدە . ئادەم ئىككى چوڭ توپقا بۆلۈنىدۇ : ھايات ئادەملەر ۋە ئۆلگەن ئادەملەر ؛ مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ، روھىيەت ئالىمىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشىنىدىغانلار ۋە ئىشەنمەيدىغانلار .

روھىيەت ئالىمىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا زادىلا ئىشەنمەيدىغان بىر ئادەم : «روھىيەت دېگەن نېمە ؟ مەن ھەر كۈنى تاماق يەيمەن ، ھەر

كۈنى ھۆزۈرلىنىمەن ، مانا بۇلار ماڭا تەۋە ، مانا بۇ ماددا ، يەنە كېلىپ بۇلار ھەقىقەت» دەپ خىتاب قىلىپتۇ . ئۇنىڭغا ئوخشاش مۇنداق بىر ئادەم ئەزەلدىن ئەستايىدىل ئويلاپ باقمايدۇ . زاھىرى نەرسىلەرگىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ . پەقەت ئۆزىنىڭ ئىپلاس ، رەزىل ئىشلىرىنىلا بىر تەرەپ قىلىشنى بىلىدۇ . ئۇ دېگەن بىر يالغانچى ، مەنپەئەتپەرەس چۈپرەندە ، بىر قۇل ، بەلكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئەركىن-لىك ، ھەقىقەت ۋە كۆيۈمچانلىقتا ئوخشاش تېخىمۇ ئالىي ئېھتىيا-جى بارلىقىنى ھېس قىلالمايدۇ . بۇنداق ئادەملەر ئەقىل نۇرىنى مەڭگۈ كۆرەلمەيدۇ . بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئاللىبۇرۇن ئۆلگەنلىكى-دىن بولىدۇ . ئەقىل نۇرى پەقەت ھايات ئادەملەرگىلا ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتىدۇ ، ئۆلگەن ئادەملەرنى بولسا سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ .

— ئالېكساندېر ئالخانگىرسكىي

**مەيلى بىر گۆدەكنىڭ نەزەرىدە بولسۇن ياكى بىر ئە-قىللىق ئادەمنىڭ نەزەرىدە بولسۇن ، روھىي ئالەم بىلەن ماددىي دۇنيانىڭ پەرقى ناھايىتى ئېنىق بولىدۇ . كىشىلەر-نىڭ بۇ خىل پەرق ئۈستىدە يەنە قايتا پەرەز قىلىپ ئولتۇ-رۇشىنىڭ ئورنى يوق .**

## 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى **ھەقىقىي مەنىۋى تۇرمۇش**

سىز ئۆز تۇرمۇشىڭىزنى ماددىي قاتلامدىن مەنىۋى قاتلامغا قانچىكى بەك يۈكسەلدۈرسىڭىز ، ئۆلۈمگە بولغان ئەنسىرىشىڭىز شۇنچىكى ئازىيىدۇ . ھەقىقىي مەنىۋى تۇرمۇشتا ياشايدىغان ئادەم ئۆلۈمگە نىسبەتەن ھېچقانداق قورقۇنچتا بولمايدۇ .

قىلماقچى بولغان ئىشلىرىڭىزدىن شەكلىنىپ قالغاندا ، پەقەت شۇ كۈنى ئاخىرلاشقان ھامان دۇنيا بىلەن خوشلىشىدىغانلىقىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىڭ . شۇئان بارلىق گۇمانلىرىڭىز بىردىنلا يوقىلىپ

كېتىدۇ. ۋىجدانىڭىز ئېيتقان ئىشلارنى ناھايىتى ئېنىق بىلەلەيسىز، ئۆزىڭىزنىڭ ھەقىقىي ئۈمىدىڭىزنىڭ نېمىلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالايسىز.

ھازىرلا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدىغان بىر ئادەم مال - دۇنياسىنىڭ كۆپىيىشى، شان - شەرەپ قازىنىشى، باشقىلارنى يېڭىش، يېڭى بىر دۇنيا تېپىشنى ئويلاپ ئولتۇرمايدۇ. لېكىن ئۆلۈشتىن بىر مىنۇت ئىلگىرى، خورلانغان بىر ئادەمگە تەسەللى بېرىش بىر بوۋاينىڭ ئورنىدىن تۇرۇشقا ياردەملىشىش، بىر ئادەمنىڭ جاراھىتىنى تېڭىپ قويۇش ياكى بىر بالىنىڭ ئويۇنچۇقىنى ئوڭشاپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىشى مۇمكىن.

> ئادەمنىڭ تۇرمۇش ھالىتى ئىككى خىل بولىدۇ: بىرىنچى خىلى، خۇشال - خۇرام ياشاپ، ئۆلۈمنى ئويلىماسلىق؛ ئىككىنچى خىلى، غەم - ئەندىشە بىلەن ياشاپ، كاللىسىدا ئاداققى كۈنلىرىنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئويلاش.

## 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى مەڭگۈلۈك ئاق كۆڭۈللۈك

ئاق كۆڭۈللۈك روھىڭىزغا خۇددى ساغلاملىق بەدىنىڭىزگە مۇھىم بولغاندەك مۇھىم. سىز ئۇنىڭغا ئىگە بولغىنىڭىزدا، ئۇنىڭغا ئانچە تارتىنىپ كەتمەيسىز.

بىر ئادەم باشقىلارنى قانچىلىك بەختلىك قىلالىسا، ئۇمۇ ئۆزىنى شۇنچىلىك بەختلىك ھېس قىلىدۇ.

— جېنتام

خۇدا بىزنىڭ بەختلىك ياشىشىمىزنى ھەمدە باشقىلارغا كۆيۈنۈشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ.

— جون رۇسكىن

پەقەت بىر ئادەم يەنە بىر ئادەم ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغان چاغدىلا بېغىشلىغان مۇھەببەت ھەقىقىي مۇھەببەت بولىدۇ . پەقەت بىر ئادەم باشقىلارنى دەپ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھەمدە باشقىلارنى دەپ ياشىغان چاغدىكى قەلب مۇھەببىتىلا چىن مۇھەببەت دەپ ئاتىلىشقا مۇناسىپتۇر ، ھالبۇكى پەقەت مۇشۇنداق مۇھەببەتتىلا ، بىز كىشىلىك ھاياتتىكى بەختنى ۋە جاۋابىنى كۆرەلەيمىز ، مانا بۇ دۇنيانىڭ ئۇل تېشىدۇر .

**ھاياتىمىزنى ۋە باشقىلارنىڭ ھاياتىنى تېخىمۇ گۈزەل-لەشتۈرىدىغان مەڭگۈلۈك ئاق كۆڭۈللۈكتىن باشقا يەنە بىر نەرسە يوق .**

## 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى **ئەقىلنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇڭ**

بىر ئادەم پەقەت ھەقلىق ياشىغان چاغدىلا ئاندىن ئەركىن بولالايدۇ ، ھالبۇكى بۇنداق ھەقىقەتنى ئەقىللىق ئادەملەرلا پەرق ئېتەلەيدۇ .

ئەگەر سىز ئاززاق گۈلە - قاق ۋە پېچىنە - پىرەنىكنى يولغا تاشلاپ قويسىڭىز ، بىرمۇنچە بالىلارنىڭ كېلىپ ئۇلارنى تالىشىپ ، تالاش - تارتىش قىلىپ ، ھەتتا ئۇرۇش - جېدەل قىلىشقانلىقىنى كۆرىسىز . چوڭلار بۇنداق ئىشلارنى دەپ ئۇرۇشمايدۇ .

بىر ئاقىل ئۈچۈن ئېيتقاندا ، بۇ دۇنيادىكى بايلىق ، شان - شەرەپ ۋە مۇكاپات دېگەن نەرسىلەر خۇددى يول بويىغا تاشلاپ قويۇلغان پېچىنە - پىرەنىك ۋە گۈلە - قاقلارغا ئوخشايدۇ . پەقەت ئىش ئۇقمايدىغان بالىلار ئۇلارنى تېرىۋالسۇن ھەمدە ئۇلارنى تالىد-شىپ جەڭگى - جېدەل قىلىشسۇن ، ئۇلار بايلارنى ، ھۆكۈمرانلارنى ھەمدە ئۇلارنىڭ غالچىلىرىنىڭ قوللىرىنى سۆيسۇن ! ئاقىللار ئۇ-

چۇن ئېيتقاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى قىلچە ئەھمىيىتى يوق شاكاللاردۇر.

— ئېپىكتېت

بىر مۇتەپەككۇرنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇش، ھالبۇكى تەقدىر بىلەن نومۇسسىزلارچە قارشىلىشىش ھايۋاننىڭ روشەن ئالاھىدىلىكىدۇر.

— ماركۇس ئاۋرىلىيۇ

بىز بۇ دۇنيادا ئانچە ئەركىن ئەمەسمىز، بىز ئۆز نەپسانىيىتىمىزگە بويسۇنغانمىز، باشقىلارنىڭ كەيپىياتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايمىز، ئەقلىمىزنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى ئۇنتۇغانمىز. ئەگەر بىز راستىنلا ئەركىنلىككە ئىگە بولماقچى بولساق، ئەقلىمىزنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇشىمىز شەرت.

## 2 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئويلىماسلىقتا تېگىشلىك نەرسىنى چۈشىنىش لازىم

مەيلى شەخسنىڭ تۇرمۇشىدا كۆرۈلگەن بولسۇن ياكى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە كۆرۈلگەن بولسۇن، ھەممە ئىشنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى بولىدۇ. شۇڭا باشقا كىشىلەرنى ۋە باشقا جەمئىيەتلەرنى ئېنىق چۈشىنىش ئۈچۈن، بىز نەزەرىمىزنى ئىلگىرى يۈز بەرگەن ئىشلاردىن ھالقىتىپ، ئۇنى پەيدا قىلغان ئىدىيىۋى مەنبەلەر بىلەن ئۇچراشتۇرۇشىمىز كېرەك.

بەلكىم بىر ئادەم ئۈچۈن، نېمە توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزسە ئەڭ مۇھىم بولىدىغانلىقىنى، نېمە توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزسە بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىش تېخىمۇ مۇھىم بولسا كېرەك.

بىز يامانلىقنىمۇ، ياخشىلىقنىمۇ ئىدىيىۋى ئاساس قىلىپ، ئۆزىمىزنى يا جەننەتكە، يا دوزاخقا ئاپىرىمىز. بۇنداق ئەھۋال

جەننەتتىمۇ، دوزاختىمۇ يۈز بەرمەيدۇ، پەقەت بۇ يەردە، مۇشۇ دۇنيادىلا يۈز بېرىدۇ.

— لۇتسى ماللورى

ئىدىيە ئەركىن، مۇستەقىل كۆرۈنىدۇ، لېكىن ئادەم ئىدىيە-دىنمۇ كۈچلۈك نەرسىلەرگە ئىگە بولىدۇ. ئىدىيەلىرىمىزگە قوماندانلىق قىلىدىغان نەرسىلەرگە ئىگە بولىدۇ.

**ئۆزىڭىزنىڭ ئىچكى ماھىيىتىڭىزنى ياكى باشقىلار-نىڭ مەنىۋى ماھىيىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئادەم نەزە-رىنى ئۆزگەرگەن نەرسىلەرگە ئەمەس، بەلكى ئاشۇ شەيئى-لەرنى ئۆزگەرتكەن ۋە پەيدا قىلغان ئىدىيەگە ئاغدۇرۇش كېرەك.**

2 — ئاينىڭ 6 — كۈنى **نۆۋەتتىكى ئارزۇ - ھەۋىسىڭىزنى بويسۇندۇرۇڭ**

جىنسىي ئارزۇ ئەڭ كۈچلۈك بىر خىل ئارزۇدۇر. بۇ خىل ئارزۇ مەڭگۈ تولۇق قانائەت تاپمايدۇ، ئۇ قانچىكى بەك قانائەتلەندۈ-رۈلسە، شۇنچىكى بەك كۈچىيىدۇ.

نۇرغۇن چاغلاردا كىشىلەر ئۆز ئارزۇ - ھەۋىسىنى كونترول قىلالىغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى مەغرۇر ھېس قىلىشىدۇ، ئۆز ئارزۇ - ھەۋىسىنى قىزغىنلىقتا تايىنىپ باسالىغانلىقى ۋە بويسۇن-دۇرالىغانلىقىدىن ئىپتىخار ھېس قىلىشىدۇ. بۇ نېمىدېگەن كۈل-كىلىك، خاتا تۇيغۇ - ھە!

ئىلگىرىكى ئەسەبىيلەرچە ئىنتىلىشلىرىڭىزنى ئەستە چىڭ تۇ-تۇش، بۈگۈنكى كۈندە تولىمۇ نەپرەتلىك ۋە بىر قاراپ قويۇشقىمۇ ئەرزىمەيدىغان ئىشلاردۇر.

www.uyghurkitap.com

ئۆزىڭىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئارزۇلىرىڭىزنى قاندۇرۇش ئۈچۈن قولدىن بەرگەن نەرسىلىرىڭىزنى مەھكەم ئەستە تۇتۇڭ. نۆۋەتتىكى سىزنى ھاياجانلاندۇرىدىغان ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار يەنە يۈز بېرىشى مۇمكىن. كۆز ئالدىڭىزدىكى ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرىڭىزنى تىرىشىپ بويسۇندۇرۇڭ، ئۇلارنى تىنچلاندۇرۇڭ؛ بۇ سىز ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق، يەنە كېلىپ بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ قولىڭىزدىن كېلىدۇ.

> **نۇرغۇن كىشىلەر شۇنىڭ ئۈچۈن غەم تارتىپ ئازابلىنىدۇكى، ئۇلار ھاياتىدا نۇرغۇن يامان ئىشلارغا ئارىلىشىپ قالغان. ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن ئىشلار بىز تەسەۋۋۇر قىلغاندىكىدەك ئۇنچىۋالا ئوسالمۇ ئەمەس، ياخشى ئىشلار ھامان يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.**

## 2 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى **ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش**

ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ھەم ئىچكى، ھەم تاشقى قۇرۇلۇش. ئەگەر سىز باشقىلار بىلەن ئارىلاشمىسىڭىز، ئۇلارغا تەسىر كۆرسەتمىسىڭىز ھەم ئۇلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلمىسىڭىز، ئۆزىڭىزنى يۈكسەلدۈرەلمەيسىز.

كىشىلەرنى ئازابلايدىغان ئۈچ خىل ۋەسۋەسە بار: جىنسىي تەلەپ، مەغرۇرلۇق ۋە مال ـ دۇنيا ھەۋىسى. ئىنساننىڭ بەختسىزلىكى مۇشۇ ئۈچ خىل ۋەسۋەسىنى مەنبە قىلغان. ئۇلاردىن قۇتۇلغاندىلا، كىشىلەر بەختلىك ياشىيالايدۇ. لېكىن بىز بۇ يىرگىنىشلىك كېسەللىكنى قانداق چىقىرىۋېتەلەيمىز؟ پۈتۈن كۈچنى ئۆزىمىزگە قارىتىپ، ئۆزىمىزنى تىرىشىپ يۈكسەلدۈرۈشىمىز كېرەك. مانا بۇ جاۋاب. ئىشنى ئۆزىمىزنى يۈكسەلدۈرۈشتىن باشلاپ، دۇنيانىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتايلى.

— روبېرت .د .لېمونىز

ھاياتىڭىزدا، ماددىي، ھايۋانىي تەرەپلەرنى ئاشۇرۇۋېتىشتىنمۇ بەك زىيانلىق يەنە بىر نەرسە بولمىسا كېرەك. ئۆزىڭىز ۋە باشقىلار

ئۇچۇن ئېيتقاندا، روھىڭىزنى ئىلگىرىلىتىدىغان يۈنىلىشكە قاراپ تىرىشىش-تىنمۇ ئارتۇق سىزگە پايدىلىق يەنە بىر نەرسە بولمىسا كېرەك .

**ھەربىر ئادەم ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۇچۇن تىر-رىشىش كېرەك .**

## 2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى **باشقىلارنى ئەيىبلىمەڭ**

كىشىلەر باشقىلارنى ئەيىبلەشنى نېمانچىۋالا ياخشى كۆرىدىغان-دۇ؟ باشقىلارنى ئەيىبلىگەن ئادەم كەلگۈسىدە بۇنداق ئىشنى قايتا سادىر قىلىسا بولمايدىغانلىقىنى ئاھايىتى تېزلا بايقاپ قالىدۇ . باش-قىلارنىڭ نەسىھەتنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدىغان ئاشۇ كىشىلەر ئۇچۇنمۇ بۇ قائىدە ئوخشاش قىممەتكە ئىگە .

ئىككى ئادەم تالاش ـ تارتىش قىلىشقاندا، بىر ـ بىرىنى ئەيىبلىشى مۇمكىن . پەقەت بىر تەرەپ خاۋاتىرلىنىش ھېس قىلمى-غۇچە ئۇلارنىڭ تالاش ـ تارتىشى توختىمايدۇ .

باشقىلارغا خالىغانچە باھا بەرمەڭ، باشقىلارغىمۇ خالىغانچە باھالىنىۋەرمەڭ . سىز باشقىلارغا نېمە بىلەن باھا بەرسىڭىز، باش-قىلارمۇ سىزگە شۇنىڭ بىلەن باھا بېرىدۇ؛ سىز باشقىلارنى قانداق مېتىر بىلەن ئۆلچىسىڭىز، باشقىلارمۇ سىزنى شۇنداق مېتىر بى-لەن ئۆلچەيدۇ .

— «ئىنجىل مەتتا»دىن

**باشقىلارنى ئەيىبلەۋەرمەڭ، سىز ھاراق ئىچى-دىغان ئادەم ھاراق تاشلىغان چاغدىكى ياكى تاماكا چې-كىدىغان ئادەم تاماكا تاشلىغان چاغدىكى تۇيغۇغا كېلى-سىز . ئۆز قەلبىڭىزگىمۇ خاتىرجەملىك ئەكەلگەنلىكى-ڭىزنى ھېس قىلىسىز .**

2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى **بەخت تىلەش ئەڭ كۈچلۈك قورال**

ئۇرۇش مەزگىلىدە، كىشىلەرنىڭ ياخشى ـ يامانلىق قارىشى بۇرمىلىنىشى مۇمكىن؛ ئۇرۇشنىڭ پاكلىقى ئارقىلىق، بەزىلەر نېمىنىڭ ياخشىلىق، نېمىنىڭ رەزىللىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدىغان بولىدۇ. ئۇرۇش پەيدا قىلىدىغان ماددىي زىيانلار غايەت زور بولىدۇ، لېكىن بۇنى ئۇرۇش كىشىلەر قەلبىدە پەيدا قىلغان جاراھەت بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ.

بالىلار بىللە بولغاندا بىر ـ بىرى بىلەن دوستانە بولۇپ، خۇشال ـ خۇرام ئوينىيالايدۇ. ئازادە، خاتىرجەم كىشىلەرمۇ شۇنداق بولالايدۇ. ھالبۇكى، نۇرغۇن چاغلاردا، بىر دۆلەت كىشىلىرى يەنە بىر دۆلەت كىشىلىرى بىلەن ئۇچراشماي تۇرۇپلا بىر ـ بىرىگە ئۆچمەنلىك قىلىشقا باشلايدۇ. قارشى تەرەپنى ئازابلاشقا، ھەتتا يەر بىلەن يەكسان قىلىشقا ئاران تۇرىدۇ. دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك تېرىيدىغان بۇنداق كىشىلەر ئالەمچە گۇناھ ئۆتكۈزگەن جىنايەتچىلەردۇر.

بىز بىلىدىغان بارلىق قورال ـ ياراغلار ئىچىدە، تەھدىت كۈچى كۈچلۈكى بەخت تىلەش دېگەن بۇ قورالدۇر. شۇڭا ئەقىللىق كىشىلەر ھەمىشە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ. ئۇ ئۇرۇشقا تايىنىپ ئەمەس، تىنچلىققا تايىنىپ غەلىبىگە ئېرىشىدۇ.

**ئۇرۇش بىر خىل نورمالسىزلىقنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ھوقۇق بىلەن شان ـ شەرەپ ھەمىشە ئۇنىڭغا لايىق بولمىغان ئەڭ رەزىل ئادەملەر تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ كېتىدۇ.**

## 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى  سۆزنىڭ قائىدىسى

بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە بەرگەن باھاسى قانچە يۇقىرى بولغانسېرى، ئۇنىڭ تۇرغان ئورنى شۇنچە لىڭشىپ قالىدۇ؛ بىر ئادەم قانچە كەمتەر بولغانسېرى، ئۇ شۇنچە پۇختا تۇرىدۇ.

كۈچلۈكلەردىن بولماقچى بولسىڭىز، چوقۇم سۇغا ئوخشاش بولۇڭ، ئەگەر توسالغۇ بولمىسا سۇ ئاقىدۇ؛ ئەگەر توسالغۇ بولسا، ئۇ ئېقىشتىن توختايدۇ؛ ئەگەر توسما ئاغدۇرۇلۇپ كەتسە، ئۇ تېخىمۇ يىراققا ئاقىدۇ. ئەگەر قاچا تۆت چاسا بولسا، ئۇ چاسا شەكىلگە كىرىدۇ. ئەگەر قاچا يۇمىلاق بولسا، ئۇنىڭ سىرتقى شەكلى يۇمىلاق بولىدۇ. سۇ مانا مۇشۇنداق يۇمشاق، جانلىق بولغاچقا، ئۇ ئەڭ ئېھتىياجلىق، ئەڭ قۇدرەتلىك نەرسە بولالىغان.
— لاۋزى

بىز ئادەم ئۆز مەنپەئىيىتىنى قانچە كۆپ تەھلىل قىلسا، ئۆزىنىڭ ئۇنچىۋالا مۇھىم ئەمەسلىكىنى شۇنچىكى ھېس قىلىدۇ. بۇ بىرىنچى سائەتلىك ئەقىل دەرسى. بىز كەمتەر بولۇشىمىز كېرەك، شۇندىلا تېخىمۇ ئەقىللىق بولىمىز، بىز كەمچىلىكىمىزنىڭ نېمىلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك، بۇنىڭدىن كۈچ ـ قۇۋۋەت ئالىمىز.

— ۋىللىيام ئېللېرى چانىنىگ

سۇ تاغنىڭ چوققىسىدا توختىمايدۇ، بەلكى جىلغىغا ئېقىپ كىرىپ كېتىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ھەقىقىي گۈزەل ئەخلاق باشقىلاردىن بىر بالداق ئېگىز تۇرۇشنى ئويلايدىغان كىشىلەر بىلەن بىللە بولمايدۇ. گۈزەل ئەخلاق پەقەت ئاشۇ كەمتەر كىشىلەرگىلا يار بولىدۇ.

— «يەھۇدىي قانۇنى»دىن

يوشۇرۇن ئىقتىدارىڭىزنى بىر ئامال قىلىپ قېزىڭ، ئۇنى بايقىغان ۋاقتىڭىزدا، ئۇنى تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويغانمەنمىكىن دەپ ئەنسىرىمەڭ. سىزنىڭ پەخەس بولىدىغىنىڭىز، ئۇنى ئاشۇرۇۋەتمەڭ.

## 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئاق كۆڭۈل ماھىيىتىڭىزنى ساقلاڭ

بىر ئادەم ماددىنىڭ، ھايۋانىنىڭ مەۋجۇتلۇق پىرىنسىپىنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ياشاش مىزانى قىلسا، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ نەزەرىدە، جەبىر ـ جاپا ۋە ئۆلۈم شەكلىدە گەۋدىلەنگەن يامانلىق ھەممىلا يەردە بولۇپ تۇرىدۇ.

پەقەت بىر ئادەم ئۆز دەرىجىسىنى ھايۋان دەرىجىسىگە چۈشۈرگەندىلا، ئۆلۈم ۋە مۇشەققەت ئۇنى چەكسىز قورقۇنچلۇق ھېس قىلدۇرىدۇ. ئۇنى قورقۇنچلۇق ئويغا سالىدىغان بىرلا يول بار، ئۇ بولسىمۇ خۇدانىڭ ئەھكاملىرىنى ئادا قىلىدىغان يولدۇر، سۆيگۈ بىلەن ئىزھار قىلىنىدىغان ئەمرىمەرۇپ يولىدۇر. خۇدانىڭ ئەھكامى بويىچە ياشايدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، دۇنيادا ئۆلۈممۇ بولمايدۇ، جەبىر ـ جاپامۇ بولمايدۇ.

ياخشى ئادەم بولماقچى بولسىڭىز، ئاق كۆڭۈللۈكىڭىزنى ساقلاڭ، قالغان ئىشلارغا خۇدا ئىگە.

— ھېنرى ئىمىس

ئۆز مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلىش بىلەن ئۆزىمىزنى قانائەتلەندۈرۈش ئوخشاشمايدىغان ئىككى ئىش، مەجبۇرىيەتنىڭ ئۆز پىرىنسىپى بولىدۇ. بىز مەجبۇرىيىتىمىز بىلەن خۇشاللىقىمىزنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرمەكچى بولساقمۇ، ئۇلار يەنىلا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

— ئىممانۇئېل كانت

بىز دۇنيادىكى ھەرخىل دىنىي تەربىيەلەرنى قوبۇل قىلغان ۋاقتىمىزدا، خۇدانىڭ ئەھكامىنى چۈشىنىمىز؛ ۋىجدانىمىز نەپسانىيەت ۋە بىر تەرەپلىمى تۆپەيلى ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىسىلا، بىز خۇدانىڭ ئەھكامىنى چۈشىنەلەيمىز، بۇ پىرىنسىپنى چۈشىنىش تەس ئەمەس.

2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى **مەڭگۈلۈك ھايات**

ئۆزۈن ھاياتلىق مۇساپىسىنى بېسىپ بولغاندىن كېيىن، بىز ھەممىمىز ئۆلۈمگە يۈزلىنىمىز، ھالبۇكى بىز زادىلا ئۆلمەيدىغانغا ئوخشاش غەم ـ غۇسسىسىز ياشاۋېرىمىز.

ئەگەر خۇدا قەلبىمىزدە مەڭگۈ مەۋجۇت بولسىلا، ھەممە ئۆزگىچە بولىدۇ. بىز يامانلىق بىلەن ياخشىلىقنى، يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنى پەرق ئېتەلەيمىز، يەنە كېلىپ قەلبىمىزدىكى ئۆمىدسىزلىكمۇ ئۆن ـ تىنسىز غايىب بولىدۇ.

— ئىراسمۇس

بىز ئۆلگەندىن كېيىن ھاياتىمىز چېكىگە يېتەمدۇ، قانداق؟ بۇ بىز دۇچ كېلىدىغان ئەڭ ئاساسلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ھاياتنىڭ مەڭگۈلۈكلۈكىگە ئىشىنىش ـ ئىشەنمەسلىكىمىز بىزنىڭ قانداق ئۇسۇل قوللىنىشىمىزنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، بىز نېمىنىڭ ھامان بىر ئۆلۈم، نېمىنىڭ مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك ھەمدە مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە ئاشۇ نەرسىلەرنى قەدىرلىشىمىز كېرەك. بۇنىسى ھەممىدىن مۇھىم. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر بۇنىڭغا ئەكسىچە يول تۇتىدۇ.

— بلېس پاسكال

ئىنسانىيەتنىڭ دەسلەپكى مەنبەسىنى مەيلى قانداق نام بىلەن ئاتاڭ، ئىنسانىيەتنىڭ بۇ خىل روھىي ماھىيىتى ھامان مەۋجۇت-

تۇر . ئۇنى بىلگىلى ۋە ھېس قىلغىلى بولىدۇ. ئۇ مۇقەددەستۇر ، ۋاھالەنكى ، ئۇ مەڭگۈلۈكتۇر .

— سىنتسېر

سىزنىڭ ھاياتلىققا بولغان چۈشەنچىڭىز قانچىكى چوڭقۇر بولغانسېرى ، ئۆلۈم ھالاكىتى پەيدا قىلىدىغان ئازابىڭىز شۇنچىكى ئاز بولىدۇ .

## 2 ــ ئاينىڭ 13 ــ كۈنى **ھەممە ئادەم پەلسەپە ئوقۇغاي**

دىن — ھەممە ئادەم ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان پەلسەپە .

بىر ئادەم ئۆزىنىڭ تەقۋادارلىقى ۋە پارىغلىقى بىلەن خۇدانى سۆيۈندۈرىدۇ . ئەگەر بىر ئادەم خۇداغا ئىشەنگەندەك قىلغان بىلەن ، ئەمەلىي تۇرمۇشتا دېگەندەك ئاق كۆڭۈل ، سەمىمىي ۋە كەمتەر بولمىسا ، ئۇنداقتا ئۇ بىر رىياكار ئادەمدۇر ، ئۇ خۇداغا رىياكارلارچە بەندىچىلىك قىلىدۇ .

دىن كىشىلەرنىڭ پەلسەپىۋى ئويلىرىغا ئىلھام بېرىدۇ . پەلسەپىۋى تەپەككۇر كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقىنى كۈچەيتىدۇ . شۇڭا ، بىز ھەقىقىي دىنىي ئىخلاسمەنلەر ۋە ھەقىقىي پەيلاسوپلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشىمىز كېرەك . مەيلى ئۇلار ھازىر دۇنيادا ھايات بولسۇن ، بولمىسۇن .

دىن ئاددىي ئەقىل ، ئۇنىڭغا ئاقىللار ، ئىخلاسمەنلەر چوقۇنىدۇ .

## 2 ــ ئاينىڭ 14 ــ كۈنى **ھەقىقىي ئاق كۆڭۈللۈك**

ئەقىل ـ پاراسەت بىر ئاق كۆڭۈل ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا روياپقا

چىقىدۇ؛ بىر ئادەم ئۆز ئەقىل ـ پاراستىنىلا قازغان ۋاقتىدا، ئۇ ئاندىن تېخىمۇ ئاق كۆڭۈللىشىدۇ، ئىككىسى بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ.

— جۇڭگو ئەقلىيلىرىدىن

بىر مەلىكە بىر سودىگەرگە ياتلىق بولۇپتۇ. سودىگەر مەلىكىنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن مەلىكىگە بىر قەسىر سالدۇرۇپ بېرىپتۇ ھەمدە ئېسىل شاھانە ئۇستىباش ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە مەخسۇس نەچچە يۈزلىگەن چاكار، خىزمەتكار ياللاپ بېرىپتۇ. ھالبۇكى، مەلىكە بۇنداق تۇرمۇشنى مەنىسىزلىك ھېس قىلىپ، مەلۇم بىر نەرسىنى ياقتۇرۇپ قاپتۇ. ئىچىدە ئۇ ئۆزىنىڭ خان جەمەتىنىلا ئويلايدىكەن. ئادەمنىڭ روھىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇنىڭ ئاساسى ئوخشاش: سەن بۇ دۇنيادىكى بارلىق ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنى يىغىپ بەرسەڭمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆز ئۆيىنى ئويلايدۇ. بىز خۇدانىڭ مۇقەددەس جايى دەپ ئاتىغان ئاشۇ يەرگە تارتىشىدۇ.

كىشىلەر ھەقىقىي ياخشىلىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملەنگەن بولىدۇ.

## 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى **ئاددىي ئەقىل ـ پاراسەت**

دۇنيادا ئاددىي ـ ساددا پەزىلەتمۇ، ئاددىي ـ ساددا ئەقىل ـ پاراسەتمۇ بولىدۇ. بىر ئادەم بۇ ئىككى سۈپەتكە تەڭ ئىگە بولالىسا، كىشىلەرنىڭ غەمخورلۇقىغا ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ.

كىمىكى ئەتەي سىلىق بولۇۋېلىپ چۈشىنىكسىز گەپلەرنى قىلىدىكەن، ئۇ بىر بولسا يالغان گەپ قىلماقچى، بىر بولسا باشقىلارنى ئۆزىگە چوقۇندۇرماقچى. بۇنداق كىشىلەرگە ئىشەنمەسلىك كېرەك. ياخشى نۇتۇق ئېنىق، چۈشىنىشلىك، ھەممە ئادەم

چۈشىنەلەيدىغان بولۇشى كېرەك .

— جېئان دې ئاراموسىيت

نۇتۇق شەكلىدىن پايدىلىنىپ كىشىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرغىلى بولىدۇ . شۇڭا نۇتۇق سۆزلىگەندە ئوي - پىكىرنى ئېنىق سۆزلەش ، يەنە كېلىپ راست گەپ قىلىش كېرەك ، چۈنكى ئېنىق بايان قىلىنغان راست گەپتىنمۇ بەك ئادەمنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان نەرسە يوق .

**ئەڭ بۈيۈك ھەقىقەت ئەڭ ئاددىي - ساددا بولىدۇ .**

2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى **ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى روھ**

بىر ئادەم قانچىكى كىچىك بولسا ، ئالغان تەربىيەسى شۇنچە ئاز بولىدۇ . ئۇ ھاياتلىقنىڭ روھ ئەمەس ، ماددا ئىكەنلىكىگە ، ئۇنىڭ پەقەت ئادەمنىڭ تېنىدە مەۋجۇت بولىدىغانلىقىغا شۇنچىكى ئىشىنىدۇ . بىر ئادەمنىڭ يېشى قانچىكى چوڭ بولسا ، شۇنچە ئەقىللىق بولىدۇ . بارلىق ھاياتلىقنىڭ روھنى مەنبە قىلىدىغانلىقىغا شۇنچە ئىشىنىدۇ .

كۆكلەرگە قاراڭ ، ئاندىن يەرگە قاراڭ ، ئاندىن ئۆتكەن ئىشلارنى راسا بىر ئەسلەڭ ، ئۆزىڭىز كۆرگەن بارلىق ئېگىز تاغ ۋە دەريا - ئېقىنلارنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ ، تۈرلۈك - تۈمەن ھاياتلىقلارنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈڭ . ئاللا ياراتقان بارلىق جانلىقلارنى ئويلاڭ . ئۆتۈپ كەتكەن بارلىق ئىشلارنى ئويلاڭ ، ئاندىن سىز ھەقىقەتنى چۈشىنىسىز ، شۇندىلا نېمىنىڭ مەڭگۈلۈككە ئايلىنىدىغانلىقىنى ، نېمىنىڭ بىر دەملىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيسىز .

— بۇددا ئەقلىيەلىرىدىن

مەڭگۈ ئۆلمەيدىغانلىقىڭىزنى ، پەقەت تەنىڭىزلا ئۆلىدىغانلىقىنى ھەر ۋاقىت ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭ ، مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىدىغىنى سىزنىڭ تېنىڭىز ئەمەس ، تېنىڭىزدا ياشاپ تۇرۇۋاتقان روھىڭىز . كۆرۈنمەس بىر خىل كۈچ تېنىڭىزنى يېتەكلەيدۇ ، كۆرۈنمەس بىر خىل كۈچ دۇنيانى يېتەكلەيدۇ .

— سىتسىرو

**بىر ئادەم ئۆزىنى بۇ ماددىي دۇنيادىن بىر ئامال قىلىپ خالاس قىلىپ چىققاندىلا ، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ھاياتلىق مەقسىتىنى ئاڭقىرىۋالالايدۇ .**

## 2 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى باراۋەرلىككە قانۇنغا تايىنىپ ئېرىشكىلى بولمايدۇ

بۇ دۇنياغا كەلگەن ھەممە ئادەم ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە ، خۇددى بەزىلەر ئويلىغىنىغا ئوخشاش ، باراۋەرلىككە قانۇنغا تايىنىپ ئېرىشكىلى بولمايدۇ . ئۇ پەقەت كىشىلەرنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ . ھالبۇكى ، بۇنداق مۇھەببەتكە قانۇنغا تايىنىپ يەتكىلى بولمايدۇ . ئۇ مەنىۋى ئويغىنىشتىن تۇغۇلىدۇ .

ئۇلار : بەزىلەر باشقىلاردىن كۈچلۈك ، ئەقىللىق بولغانلىقى ئۈچۈن باراۋەرلىكتىن سۆز ئېچىشى مۇمكىن ئەمەس ، دەپ جار سېلىشىدۇ ، بىراق رىدلېبېرگ كۆرسەتكەنكى ، دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ، توغرىراقىنى ئېيتقاندا ، دەل بەزىلەر باشقىلاردىن كۈچلۈك ، ئەقىللىق بولغانلىقى ئۈچۈن ، باراۋەرلىك پىرىنسىپى بولمىسا بولمايدۇ .

**كەمبەغەللەرگە قارىغاندا ، بايلار روشەن ئەۋزەللىككە ئىگە ، بۇ خىل ئەۋزەللىك كۈچ ۋە بىلىم جەھەتتىكى بارا-**

ۋەرسىزلىكتىلا ئەمەس، بەلكى خەلق ھوقۇقى جەھەتتىكى باراۋەرسىزلىكتىمۇ ئىپادىلەنمەكتە.

## 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تار مەنىدىكى ئۆزلۈكتىن ساقلىنىش

خاسلىق، ئۇ بىر نىقاب، ئۇ ھەربىر ئادەمنىڭ ئىچىدىكى مۇقەددەس ماھىيەتنى يوشۇرىدۇ. بىر ئادەم خاسلىقتىن قانچىكى ساقلانسا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇ خىل مۇقەددەسلىك شۇنچە كۆپ ئايان بولىدۇ.

ياخشى كۆرسىڭىز باشقىلارنى ياخشى كۆرۈڭ، نەپرەتلەنسىڭىز ئۆزىڭىزگە نەپرەتلىنىڭ.

— بلىس پاسكال

ئەگەر مېنى شۇنىڭ ئۈچۈن ياقتۇرىدۇكى، جىسمانىيىتىم ئۆلسىمۇ، روھىم يەنىلا مەڭگۈلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. مەندە كۈچ ـ قۇدرەت بار، ھېچكىم ئۇنى مېنىڭدىن تارتىۋالالمايدۇ. بۇ مەن تەگرىمدىن ئۆگەنگەن ئەمرىمەرۇپلار.

— يوھان

ئاشۇ تار مەنىدىكى ئۆزلۈكتىن ساقىت بولغان كىشىلەرلا دىنىنىڭ ئەقىدىلىرىنى چۈشىنەلەيدۇ.

— «تالمۇد» دىن

ھاياتلىقنىڭ مەنىسى ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىدىغان نام ـ مەنپەئەت ياكى ھۇزۇر ـ ھالاۋەت قوغلىشىش ئەمەس دەپ قارايدىغان كىشىلەرلا ھاياتلىقنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنەلەيدۇ.

— «بۇددا ئەھكاملىرى» دىن

بىز پەقەت شەخسىي مەنپەئەتنى نەزەر - ئېتىبارىمىز - نىڭ سىرتىدا قالدۇرۇپ ، خۇسۇسىي مەنپەئەت كۆز قارى - شىدىن ۋاز كەچسەكلا ، ئاندىن كىشىلەر بىلەن مۇۋەپپەقى - يەتلىك ئالاقە قىلالايمىز ، باشقىلارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى - رىغا قۇلاق سېلىپ ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا باشقىلار - غا تەسىر كۆرسىتەلەيمىز .

## 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ھۆرلۈك قاتىلدۇر

جاپادىن كېيىنكى بىردەملىك ئارام ئەڭ ئېسىل ، ئەڭ ساپ خۇشاللىقتۇر .

— ئىممانۇئېل كانت

ئەبەدىلئەبەد قىزغىنلىق بىلەن خىزمەت قىلىش ، خىزمەتنى ئاپەت دەپ قارىماق ، ماختاش ۋە مۇكاپات ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلماق .

— ماركۇس ئاۋرېلىيۇ

پەۋقۇلئاددە ئىستىبداتمۇ ھۆرلۈكقا يەم بولىدۇ .
— مىچىل دې مونتەينى

ناۋادا ھەقىقەتنى راۋا كۆرسەك ھەمدە خاتالىقلىرىمىز ئۈچۈن توۋا قىلساق ، ئۇ ھالدا بىز دۇنيادا ئالاھىدە ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولسا بولىدىغان ئاللىقاناداق ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى ، باشقىلاردىن ئەۋزەل ئورۇندا تۇرسا بولىدىغان ئالىقانداق بىر ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى بايقايمىز . بىزنىڭ مەجبۇرىيىتىمىز ۋە مەسئۇلىيىتىمىز توختاپ قالغىنى يوق ، چەكلىمىمۇ يوق . بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا ، بىرىنچى ئورۇندىكىسى ئۆزىمىزنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى ۋە باشقىلارنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن ئاداققى كۈچىمىز قالغۇچە ئۆزلۈكسىز بىلەن كۆرەش قىلىش .

خىزمەتكە ئوخشاش ئادەمنى ئالىيجاناب ھېس قىلدۇرىدىغان باشقا يەنە بىر نەرسە يوق، خىزمەتتىن ئايرىلغان ئادەمنىڭ ھېچقانداق ئىززەت - ھۆرمىتى بولمايدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ھۇرۇن - يالقاۋلار كۆرۈنۈش ئۈچۈنلا خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىنى ئىپادىلەپ قويىدۇ. ئۇلار خىزمەتتە ئاشقى كۆرۈنۈش جەھەتتە بولسىمۇ ئانچىكىم ئۆزىنى ئىپادىلەپ قويمىسا، ھېچكىممۇ كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

## 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ھەقىقەتنى يۈكسەلدۈرۈڭ

ھەرقانداق ئادەمنىڭ تۇرمۇش ئىپادىسى ئۇنىڭ ئېتىقادىغا باغلىق. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئېتىقادى تېخىمۇ ئاددىي - ساددىلىشىدۇ، تېخىمۇ ئېنىقلىشىدۇ، ھەقىقەتكە تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئېتىقادىمۇ تېخىمۇ ئېنىقلاشقان، تېخىمۇ روشەنلەشكەن چاغدا، ئۇلار ئۆزئارا تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشالايدۇ.

مەلۇم بىر چاغقا كېلىپ ئەمدى ھەقىقەت ئىزدەش يولۇمدا ئاز - تولا ئارام ئالىدىغان ۋاقتىم كەلدى دەپ ئويلىسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ ھەقىقەتتىن شۇنچىۋالا يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىڭىزنى ھېس قىلىسىز. بىز بۇ ئەزىزانە ھاياتلىقىمىزدا ئۇنىڭدىن ھېيىقىش ئەمەس، بەلكى ئۇ (ھاياتلىقىمىز)نىڭ چىن مەنىلىرىنى ئىزدىشىمىز كېرەك.

— يوھان مىلتون

ئىنسانىيەتنىڭ ئېتىقادى يۈكسەلگەن چاغدا، ئىنسانىيەت تەرەققىي قىلىدۇ. ئەگەر دىندا ئاللىقانداق بىرەر يۈكسىلىش بولسا، بۇ خىل تەرەققىيات مەلۇم بىر نەرسىنىڭ بايقالغانلىقىدا گەۋدىلەنمەستىن، بەلكى بىزگە ئايان بولغان ھەم بايان قىلىنغان ئاشۇ ھەقىقەتنىڭ يۈكسەلگەنلىكىدە گەۋدىلىنىدۇ.

ئىنسانىيەت بىر مىنۇتمۇ توختىماستىن ئىلگىرىلە-
مەكتە . ئىنسانىيەتنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىڭىز بى-
لەن سىزمۇ توختىماستىن ئالغا ئىلگىرىلىشىڭىز كېرەك .

2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى **ھايۋانلارغا كۆيۈنۈڭ**

بۈنىڭدىن ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرىكى ياۋايىلىق دەۋرى-
دىلا ، ئىنسانىيەتتە ئادەم ئادەمنى يەيدىغان قورقۇنچلۇق ئەھۋال
پەيدا بولغان . ھازىرقى كىشىلەر بۇنداق ئىشنى ئەسلا قىلمايدۇ .
لېكىن ئۇلار ھېلىھەم ھايۋانلارنى يېمەكتە . بارغانسېرى كۆپ كى-
شىلەر بۇ خىل رەزىل ئادەتنى تاشلىۋېتىدىغان دەۋر ئاخىر يېتىپ
كېلىدۇ .

نۇرغۇنلىغان كىشىلەر : بىز ھايۋاناتقا مۇئامىلە قىلىشتا ئاللى-
قانداق بىرەر ئەخلاقىي ئەقىدىگە رىئايە قىلىپ كەتمىسەكمۇ بولى-
دۇ ، ھايۋانلارنى قوغداشتەك ئەخلاقىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىمىزگە
ئېلىشىمىزنىڭمۇ ئورنى يوق ، دېگەن بىر خىل خاتا قاراشتا بولماق-
تا . ئۇلارنىڭ بۇ خىل خاتا ئىدىيىسى پەقەت ئىنسانىيەتنى ياۋايى-
لاشتۇرىدۇ ، قوپاللاشتۇرىدۇ ، خالاس .
— شوپېھاۋار

بەزىلەر ھايۋانات خۇدانىڭ ئىنسانلارغا بەرگەن ئىنايىتى ، شۇ-
ڭا ھايۋاناتنى ئۆلتۈرگەننىڭ ھېچقانداق خاتاسى يوق ، دەپ قارايدۇ .
مانا مۇشۇنداق بىر تەرەپلىمە قاراشلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ، ئۇلار
ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ يېيىشكە بەك قىزىپ كەتكەن . ئەمەلىيەتتە
بۇنداق قىلىش خاتا . گەرچە بەزى كىتابلاردا ھايۋاننى ئۆلتۈرۈش-
نىڭ گۇناھ ھېسابلانمايدىغانلىقى ئېنىق يېزىلغان بولسىمۇ ، بىراق
قەلبىمىزدە ھايۋانلارغا باشقىلارغا كۆيۈنگەندەك كۆيۈنۈشىمىز كېرەكلىكى
ناھايىتى ئېنىق يېزىلغان . ئەگەر بىز قەلبىمىزدىكى ۋىجدانىي خىتاب-

www.uyghurkitap.com

لىرىمىزنى ئۆز مەيلىگە قويۇپلا بېرەلىسەك، بۇ ۋاقىتنى تېخىمۇ ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋالىغان بولاتتۇق.

**ئۆز ۋىجدانىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالالايدىغان ئادەم ئۆز مەھبۇبىنى ئاسرىغاندەك ھايۋانلارغا كۆيۈنۈشى كېرەك.**

## 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى **مەڭگۈلۈك ئاقىل**

تولۇق چۈشەنگىلى بولىدىغان ئاقىل مەڭگۈلۈك ئاقىل ئەمەس؛ ئىسمىنى چاقىرغىلى بولىدىغان ئادەم مەڭگۈلۈك ئادەم ئەمەس.

— لاۋزى

يارچە مەۋجۇداتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بىر خىل قۇدرەت بار. ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندا، ئاسمانۇزېمىندىن نە بىر سۆز ھاسىل بولغان بۇ خىل قۇدرەتنى سەزگىلى بولمايدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ ماسسىسىنى تەسۋىرلەشكە ئۇرۇنۇپ بېقىشتى ھەمدە ئۇنىڭغا «ئەقىل» ياكى «سۆيگۈ» دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇشتى. لېكىن ئۇنىڭ ئىسمى يوق. ئۇ بىزدىن شۇنچە يىراق ھەم بىز بىلەن ئېچىل ـ ئىناق.

— لاۋزى

خۇدا نەدە دەپ سورايدىغان ئاشۇ كىشىلەر تولىمۇ كۈلكىلىك؛ خۇدا يوق يەر يوق، ئۇ ھەممىلا جايدا بار، ئۇ يەنە ھەربىر ئادەمنىڭ قەلبىدە. دۇنيادا ئوخشاشمايدىغان نۇرغۇن دىنلار بار. لېكىن خۇدا پەقەت بىرلا. ئەگەر بىراۋ ئۆزىنىمۇ چۈشەنمىسە، ئۇ خۇدانى قانداقمۇ چۈشەنسۇن؟

**خۇدا ھەقىقەتنى راۋا كۆرىدۇ ھەمدە ھەرقانداق چەكلىمىلىككە ئورۇن بەرمەيدۇ.**

2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى **زوراۋانلىقنى ئەقىل بىلەن يېڭىڭ**

نۆۋەتتىكى ھاياتلىق فورماتسىيەسى ۋىجدانىنىڭ تەلىپىگىمۇ، ئەقلىنىڭ تەلىپىگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. قوناقلىقتا بىر توپ كەپىتەر بار دەپ تەسەۋۋۇر قىلىڭ. توقسان توققۇز پىرسەنت كەپتەر ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق بولمىغان قوناقنى چوقۇپ بىر يەرگە دۆۋىلىگەن ئەمەس ھەمدە ھەرقايسىسى ئۆز ئېھتىياجىغا ئاساسەن، دانلىغان شۇنداقلا ئۇلارنى بىر يەرگە دۆۋىلىگەن. ئۇلار ئۆزىگە ئانچە كۆپ قوناقنى قالدۇرماي، چوڭ دۆۋە قوناقنى ئارىسىدىكى ئەڭ رەزىل، ئەڭ نومۇسسىز بىر كەپتەرگە قالدۇردى دەپ تەسەۋۋۇر قىلىڭ ھەمدە ئۇلارنى ئاشۇ كەپتەرنى چۆرىدەپ ئۇنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك مېۋىسىدىن ھۇزۇرلىنىشقا، ئۆزلىرى توپلىغان بايلىقنى خالىغانچە ئىسراپ قىلىشقا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرىدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىڭ، ئاندىن يەنە بۇ كەپتەرلەر ئارىسىدا ئاجىز، ئاچ قورساق بىر كەپتەر بار دەپ ئويلاڭ. بۇ كەپتەر باشقا كەپتەرلەرنىڭ ئىجازىتىنى ئالمايلا قوناق دۆۋىسىگە بېرىپ دانلايدۇ. كەپتەرلەر توپلىشىپ ھۇجۇم قىلىپ، بۇ ئاجىز كەپتەرنى قاتتىق جازالايدۇ.

ئەگەر سىز يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنى تەسەۋۋۇرىڭىزغا سىغدۇرالىسىڭىز، ئۇنداقتا سىز ئىنسانىيەتنىڭ كۈندىلىك ھەرىكەت شەكلىنى چۈشىنەلەيتتىڭىز.

— ۋىللىيام پېللى

مەن كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا دەتالاشلىرىنى، بىر ـ بىرىگە يوشۇرۇن ئورا كولاشلىرىنى، ئۆزئارا يالغان ئېيتىشلىرىنى، ئۆزئارا خىيانەت قىلىشلىرىنى كۆردۇم. ياخشى ـ يامانلىق مىزانىنىڭ ئاللىقاچان ئۇنتۇلغانلىقىنى، ھەتتا بەزىدە بۇ ھەقتە ھېچنېمە بىلمەيدىغانلىقىنى ھەسرەت بىلەن كۆردۇم.

— دىئوگېنس

ئادەم ئىدراكلىق مەخلۇق ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۆزئارا ئالاقىلىشىدىغاندۇ ، ھەمىشە ناھايىتى يەڭگىلتەكلىك بىلەن زوراۋانلىققا مۇراجىئەت قىلىدىغاندۇ ، نېمىشقا مەسىلىنى ئەقىل بىلەن بىر تەرەپ قىلمايدىغاندۇ؟

## 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ھەقىقەتنى سۆزلىگەندە نىيىتىڭىز دۇرۇس بولسۇن

كىشىلەرگە ھەقىقەتنى ئاڭلاتماقچى بولىدىكەنمىز ، ئۇنى چوقۇم دۇرۇس نىيەت بىلەن سۆزلەش كېرەك . ھەقىقەتنى كىشىلەرگە سەممىي قەلب بىلەن بايان قىلغان ۋاقتىڭىزدىلا ھەقىقەت ئاندىن ياخشى بولىدۇ . شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى ، ئەگەر سىز يەنە بىر ئادەمگە يەتكۈزگەن ئۇچۇرنى خەق چۈشىنەلمىسە ، تۆۋەندىكى ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ بىرى راست بولىدۇ : دېگەنلىرىڭىز چىن ئەمەس ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ياكى سىز ئۇنى ياخشى نىيەت بىلەن باشقىلارغا يەتكۈزمىگەن .

ھەقىقەتنى بايان قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى . ئۇنى ياخشى نىيەت بىلەن تىلغا ئېلىش كېرەك . كۆڭلى ـ كۆكسى مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن تولغان ئادەم سۆزلىگەن گەپلا خەققە ياقىدۇ .

— ھېنرى دېۋىس جۇنرو

ھەقىقەتنى بايان قىلىش ، بىر ياخشى تىككۈچى ، بىر ياخشى دېھقان بولۇش ياكى بىر پارچە ئېسىل ئەسەر يازغان بىلەن ئوخشاش . بىر ئىشنى ياخشى قىلىمەن دەيدىكەنمىز ، ناھايىتى ياخشى مەشىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ : ھەرقانچە قىلساڭمۇ ، زادىلا تەكرار مەشىق قىلىپ باقمىغان ئىشنى تەبىئىي ياخشى قىلىپ كېتىشىڭ مۇمكىن ئەمەس . ئادەت خاراكتېرلىك راست گەپنى قىلىش ئۈچۈن ، ئادەتتە يالغان گەپ قىلماي مەشىق قىلىش كېرەك ، ھەتتا ناھايىتى ئەرزىمەس ئىش بولغان تەقدىردىمۇ يالغان گەپ قىلماسلىق

كېرەك .

بىز باشقىلارغا يالغان گەپ قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالغانغا قەدەر يالغان گەپ قىلىمىز ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆزىمىزگە يالغانچىلىق قىلىمىز .

— لارېشېفوكاۋلد

**راست گەپ قىلغانلىق بىلەنلا بىر ئادەم ئاق كۆڭۈل ئادەمگە ئايلىنىپ قالمايدۇ ھەم ئۆزىگە زىيادە ئىشىنىدىغان بىر ئادەمگە ئايلىنىپمۇ قالمايدۇ ، كەمتەرلىك بىلەن ئاددىي - ساددىلىق راست گەپ قىلغانلىقنىڭ نامايەندىسىدۇر .**

## 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى **مۇقەددەس روھقا دىل ئىزھار قىلىش**

ئىبادەت قىلىشتىن ئىلگىرى ، زېھنىڭىزنى قاچان يىغقانلىقىڭىزنى ئۆزىڭىزدىن سوراپ بېقىڭ .ئەينى چاغدا زېھنىڭىزنى يىغىشقا ئامالسىز قالسىڭىز ، ئۇنداقتا ئىبادەت قىلماي قويۇڭ .

ئىبادەت قىلىۋېتىپ كۆڭلىنى بىر يەرگە يىغالمىغان ئادەم زادىلا چىن قەلبىدىن ئىبادەت قىلمايدۇ .

— «تالمۇد» دىن

خۇدانىڭ قوللىشىنى ئىستىسىڭىز ، ئۇنى قانداق قىلىپ ئۆز ۋۇجۇدىڭىزدىن تېپىشنى ئۆگىنىڭ . خۇدا بىزنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ . خۇداغا يېقىنلىشىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىمىز . كىشىلەر خۇدانىڭ يار - يۆلەك بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ . گويا ئۇ بىزگە ياردەم قىلمىسا بولمايدىغاندەك ، لېكىن ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىمىز ئېھتىياجلىق بولغان ياردەمنى بىز ئۆزىمىزدىن ئالىمىز .

— روسسو

www.uyghurkitap.com

قەدىمدىن تارتىپ، كىشىلەر ئىبادەتنىڭ كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ كەلگەن. كىشىلەرنىڭ ئىبادەت قىلغان چاغدىكى ئۇسۇللىرى ئوخشاشمايدۇ. پەۋقۇلئاددە ئەھۋال ۋە پەۋقۇلئاددە سورۇندا، كىشىلەر پەۋقۇلئاددە ئىبادەت كەلىمىلىرىنى ئوقۇپ، ئۆز ئۇچۇرىنى مۇۋاپىق شەكىل بىلەن خۇداغا يەتكۈزۈپ، ئۆزىنى خۇدانىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتۈرىدۇ.

ئىبادەت قىلىنىۋاتقان ۋاقتىڭىزدا شۇنداق قىلالىشىڭىزغا تىلەكداشمەن: يانىي دۇنيادىكى بارلىق باتىنىي نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ كېتىڭ، روھىڭىزدىكى ئاشۇ مۇقەددەسلىككە دۇئا قىلىڭ.

> ئىبادەت خۇدانىڭ ئەھكامىنى قوبۇل قىلدۇرىدۇ ۋە ئەستە ساقلىتىدۇ. يەنە ئىلگىرىكى، ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى بارلىق ھەرىكەتلىرىڭىزنى ئۇنىڭ تارازىسى بىلەن ئۆلچەيسىز.

## 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئالدى بىلەن ئويلاپ ئاندىن ئېغىز ئېچىڭ

سىز بىر ئادەم بىلەن ئۇزۇن پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئۆزىڭىزنى بىر ئاز بېسىۋېلىپ، باياتىن نېمە دېيىشكەنلىكىڭلارنى ئەسلەپ بېقىڭ. ناۋادا سىلەر مۇھاكىمە قىلغان نۇرغۇن ئىشلارنىڭ، ھەتتا ھەربىر ئىشنىڭ قىلچىلىك ئەھمىيىتىسىز، قۇرۇق، ئەرزىمەس، بەزىدە ھەتتا ھېچقانداق پايدىسى يوقلۇقىنى بايقىسىڭىز، بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

گالۋاڭلار سۈكۈت قىلىشى كېرەك. ناۋادا ئۇ بۇ نۇقتىنى تونۇپ يېتەلىسە، ئۇ گالۋاڭ ھېسابلانمايدۇ.

— سەئىدى

ئېغىز ئېچىش سۈكۈت قىلغاندىن ياخشى بولغاندىلا، ئاندىن ئېغىز يېرىپ گەپ قىلىڭ.

— ئەرەب خەلق ماقالى

ئېغىز يېرىپ گەپ قىلمىغانلىقىڭىز ۋەجىدىن قىلغان ھەربىر پۇشايمىنىڭىز ئۈچۈن، سۈكۈتىڭىزنى سۈكۈت قىلىپ جىم تۇرماپ-تىمەن دەپ يۈز قېتىملاپ پۇشايمان قىلىسىز.

ئاق كۆڭۈل كىشىلەر دەتالاشلارغا ئارىلىشىپ قالمايدۇ. باشقىلار بىلەن دەتالاش قىلىشقا خۇشتار ئادەم ھەرگىزمۇ ئاق كۆڭۈل بولمايدۇ. راست گەپ ئاڭلىماققا راستتىنلا قۇلاققا ياقمايدۇ، قۇلاققا ياقىدىغان گەپلەرنىڭ ھەممىسىلا راست گەپ بولۇۋەرمەيدۇ.

— لاۋزى

ئەگەر ئەقىللىق ئادەم بولاي دېسىڭىز، سىز چوقۇم قانداق ئاقىلانىلىك بىلەن سوراشنى، قانداق زېھىن قويۇپ ئاڭلاشنى، قانداق قىلىپ تىنچ ھالەتتە ئىنكاس قايتۇرۇشنى، دەيدىغان نۇرغۇن گەپلەرنى دېيىشكۈدەك ۋاقىت قالمىغاندا پاراڭنى قانداق ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز كېرەك.

نۇرغۇن ئەخمىقانە خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسىنى تۈنجى بولۇپ گەپ تارقىتىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر تارقاتقان بولىدۇ.

— ۋولتېر

**ئەگەر ئېغىز ئېچىشتىن بۇرۇن ئويلىنىۋالغۇدەك ۋاقىت بولسا، بۇ گەپنى دېيىشىم زۆرۈرمۇ؟ دېيىشىم زۆرۈر بولغان گەپلىرىم باشقىلارغا زىيان يەتكۈزەرمۇ؟ دېگەنلەرنى ئەستايىدىل ئويلىنىۋېلىشىڭىز كېرەك.**

## 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى **ئاچ كۆزلۈك ۋە تاش يۈرەكلىك**

خەير ـ ساخاۋەت ئادەم ئۆزىنى قۇربان قىلغان ۋاقىتتىلا ئاندىن ھەقىقىي خەير ـ ساخاۋەت ھېسابلىنالايدۇ.

— جامۇس

www.uyghurkitap.com

پۇلغا ، پۇلغا ئېرىشىش ۋە پۇلنى ئىگىلەش داۋامىدىكى ئىش ـ ھەرىكەتلەردە بەزى ئەخلاقسىزلىقلارغا چېتىلىپ قالىدىغان ئىش بار .

ئاق كۆڭۈللەر باي بولمايدۇ ، بايلار ئاق كۆڭۈل بولمايدۇ .

— جۇڭگو ماقالى

**ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزى قەدىرلەيدىغان نەرسىسى بولىدۇ ، پەقەت ئۇ باشقىلارغا بەك مەپتۇن بولۇپ كەتكەچكە بۇنى بايقىمايدۇ .**

## 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ھەقىقىي سەنئەت

ئەگەر ئېسىل سەنئەت كىشىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان ئەخلاقىي ئېتىقادنى ئىپادىلىمىسە ، ئۇ ھەقىقىي سەنئەت ھېسابلانمايدۇ ، ئۇ پەقەت ئىچ پۇشۇقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس . كىشىلەر تۇرمۇشتىكى بارلىق كۆڭۈلسىزلىكلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان بەزى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا مەجبۇر بولىدۇ .

— ئىمانۇئېل كانت

كىشىلەر سەنئەت يوقىلىدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشى مۇمكىن ، بىراق شۇنىسى تەسەۋۋۇرغا سىغمايدۇكى ، ھەقىقىي سەنئەت كەمبەغەللەرنى مەسخىرە قىلىدىغان ، بايلارغا بېقىندى بولۇپ قالىدىغان قۇلغا ئايلىنىپ قالسا ، ئۇ يەنە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالامدۇ؟

ياخشى ـ يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسى كىشىلەرگە سەنئەت ۋاستىسى بىلەن تەشۋىق قىلىنمىغانلا بولسا ، كىشىلەر زادىلا ئىشەنمەيدۇ . بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى ، سەنئەت ئەڭ قورقۇنچلۇق قايىل قىلىش ۋاستىلىرىنىڭ بىرىدۇر . شۇڭا ئۇنىڭدىن ئېھتىيات بىلەن پايدىلىنىشىڭىز كېرەك .

سەنئەتكار كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدىغان دىندارلارنىڭ رولىنى ئېلىشى يا ئويۇن قويۇپ كىشىلەرگە خۇشال-لىق بېغىشلايدىغان ئارتىسلارنىڭ رولىنى ئېلىشى كېرەك.
— مادزىنى

سەنئەتنى چۈرىدىگەن ئوي - پىكىرلەر ۋە مۇھاكىمىلەر ئەڭ ئەسقاتمايدىغان ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈسۈلىدۇر. سەنئەتنى ھەقىقىي چۈشىنىدىغان كىشىلەرگە ئايانكى، سەنئەت ئۆزلۈكنى ئۆز تىلى بىلەن ناھايىتى ياخشى ئىپادىلەيدۇ. بىزنىڭ سۆز - ئىبارىلەر بىلەن ئۇنى مۇھاكىمە قىلغىنىمىزنىڭ پايدىسى يوق. ھە دېسىلا ئېغىزى «سەنئەت» دېگەن ئاشۇ ئىبارىگىلا يۈگۈرەيدىغان نۇرغۇن كىشىلەر ئەمەلىيەتتە سەنئەتنى ھەقىقىي چۈشەنمەيدۇ ھەم ھەقىقىي سەنئەتنىمۇ باشتىن كەچۈرمەيدۇ.

سەنئەت كىشىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان ۋاسىتىلەرنىڭ بىرى.

## 2 - ئاينىڭ 29 - كۈنى **غايە ئۆزىڭىزدە**

ھەرىكەتلىنىشتىن ئىلگىرى نەگە بارىدىغانلىقىڭىزنى بىلىشىڭىز كېرەك. بۇ قائىدە سىزنىڭ كۈندىلىك ھەرىكىتىڭىزگە ھەم پۈتكۈل ھاياتىڭىزغا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشىش ئۈچۈن، ياشاش نىشانىڭىزنى بىلىشىڭىز كېرەك.
— ھېيوتى

خۇدانىڭ بىزگە ھاياتلىق ئاتا قىلىشى بىزنى خىزمەت قىلمىسۇن، ھۇرۇنلۇق، يالقاۋلىق بىلەن ياشىسۇن دېگىنى ئەمەس، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ھاياتىمىز بىر مەيدان كۈرەش ۋە بىر قېتىملىق مۇساپە. ياخشىلىق يامانلىق بىلەن ئېلىشىش، ھەقىقەت بىمەنىلىك بىلەن ئېلىشىش، ئەركىنلىك مەھكۇملۇق بىلەن ئېلىشىش، مۇھەببەت ئاداۋەت بىلەن ئېلىشىشى

كېرەك . هاياتلىق ئىلگىرىلەش سەپىرى ، بىزنىڭ توغرا هاياتلىق يولىنى بويلاپ ، مۇقەددەسلىك نۇرىنىڭ يورۇتۇشىدا ئۆزىمىزنىڭ ئۇلۇغۋار غايىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ .

— مادزىنى

غايە ئۆز ۋۇجۇدىڭىزدا ، بۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىقمۇ ئۆز ۋۇجۇدىڭىزدا . سىز بارلىق ماددىي شەرتلەرگە ئاللىبۇرۇن ئىگە بولغان ، ئۇلارغا تايىنىپ غايىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرالايسىز .

— توماس كارلىل

شۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز كېرەككى ، بىزدە ۋە مۇشۇ دۇنيادا مەۋجۇت ئاق كۆڭۈللۈك جەزمەن نامايان بولۇشى كېرەك . بۇ بىز چوقۇم تىرىشىپ بەجا كەلتۈرىدىغان كاتتا ئىش .

3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى **گۈزەل تۇرمۇش**

كىشىلەر ئۆز گۇناھىنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئۆلۈمدىن قور-قۇشقا باشلايدۇ.

بىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشتىن ئېرىشكەن مەنىۋى ھاسىلاتلىرى كۆپ بولغانسېرى، ئۇنىڭ ئۆلۈمگە بولغان قورقۇنچىسى شۇنچە ئاز بولىدۇ. يۇكسەك مەنىۋى مۇقامدا ياشاۋاتقان ئادەم ئۈچۈن، ئۆلۈم روھنىڭ تەندىن ئايرىلىشىدىن، ئەركىنلىكتىن دالالەت بېرىدۇ. بۇنداق كىشىلەر مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ مەڭگۈ بىتچىت بولمايدىغانلى-قىنى بىلىدۇ.

خۇددى سوقرات ئېيتقاندەك، ئۆلۈم بەجايىكى بىر ئۇزۇن ئۇيقۇلۇق ھالەت دېيىلسە، ئۇنداقتا بۇ خىل ھالەتنىڭ قانداقلىقىنى بىز بىلىمىز، يەنە كېلىپ بۇ خىل ھالەتتە ھېچقانداق قورقۇنچلۇق نەرسىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكى چۈشىنىشلىك. ناۋادا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئويلىغاندەكگە ئوخشاش، ئۆلۈم ھاياتلىقنىڭ تېخىمۇ ياخ-شى تەرەپكە بۇرۇلۇشى بولسا، ئۇنداقتا ئۆلۈم يامانلىق ئەمەس، بەلكى ياخشىلىقتۇر.

بىز ئۆلۈمگە بىمالال يۈزلىنىشىمىز كېرەك، چۈنكى ئۇ ھامان كېلىدۇ. قولىمىزدىن كېلىدىغان ئەڭ ياخشى ئىش ھاياتىكى ئەڭ گۈزەل نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىش. ئەگەر ھاياتىكى ئەڭ گۈزەل نەرسىلەرنى قوبۇل قىلالىسىڭىز، ئۇنداقتا سىز ئۆلۈمدىن قورقمايسىز.

**ماددىيلىققا بېقىنماي ياشايدىغان كىشىلەرلا ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ.**

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

3 ــ ئاينىڭ 2 ــ كۈنى **ئارتۇقچە ئۈمىدلىنىپ كەتمەڭ**

قاراقچىلار بېسىقمايدىغان بىر يولغا قەدەم باسقان يولۇچى ھەرگىزمۇ يالغۇز يولغا چىقمايدۇ. ئۇ دوستىنى ياكى ھەمراھ بولۇپ ماڭىدىغان باشقا كىشىلەرنى ساقلايدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇ قاراقچىنىڭ تالان ـ تاراج قىلىشىغا دۇچار بولمايدۇ. ئاقىللارمۇ ئۆزىنىڭ ھاياتلىق سەپىرىدە مۇشۇنداق قىلىدۇ. بۇ دۇنيا نۇرغۇنلىغان ئاپەت ۋە ئاۋارىگەرچىلىكلەر بىلەن تولغان. بىز ئۇلاردىن قانداق داجىشىمىز كېرەك؟ ئۆزىمىزنىڭ ھاياتلىق مۇساپىمىزنى غەم ـ ئەندىشىسىز بېسىپ ئۆتۈش ئۈچۈن قانداق كىشىلەرگە دوست بولۇشىمىز ۋە ھەمراھ بولۇشىمىز كېرەك. جاۋابنى ئۆزىمىز تېپىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

بەك كۆپ ئېرىشىشنى ئويلاپ كەتمەڭ، ئېرىشىدىغان نەرسىڭىز ئۈستىدە ئارتۇقچە چوت سوقۇپ كەتمەڭ. سىز پەقەت خۇدا بۇيرۇغان نەرسىلەرنى ئارزۇلىشىڭىز كېرەك.

ــ ھېنرى ئېمىل

ھاياتلىقتىكى دۇرۇس يول تولىمۇ تار بولىدۇ. لېكىن بۇ يولنى تېپىش ئىنتايىن مۇھىم. بىز بۇ يولنىڭ سازلىق ئۈستىدە تاختاي بىلەن يېپىپ چىقىلغان بىر چىغىر يول ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. ئەگەر سىز بۇ چىغىر يولدىن بىر قەدەم تېيىلىپ كەتسىڭىز، شۇئان گۇمرانلىق ۋە رەزىللىك سازلىقىغا چۈشۈپ كېتىسىز. ئاقىل ئادەم دۇرۇس يولغا دەرھال قايتىپ كېلەلەيدۇ. قورقۇنچاق ئادەم سازلىققا بارغانسېرى پېتىپ كېتىدۇ. ئۇ ئۆمىلەپ چىقىشقا تىرىشقانسېرى شۇنچە قىيىنچىلىق ھېس قىلىدۇ.

**ئادەم ئۆز ئىرادىسىنى قانچە چېنىقتۇرغانسېرى ، شۇن-
چە قەتئىيلىشىپ كېتىدۇ .**

## 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى **ياخشىلىق**

ياخشىلىقتىن قانداق جاۋابقا ئېرىشمەكچىسىز ؟ ياخشىلىقنىڭ جاۋابى ياخشىلىق قىلىش جەريانىدىكى خۇشاللىق . باشقا ھەرقانداق جاۋاب سىزنىڭ بۇ خىل شادىمانلىقىڭىزنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ .

باشقىلار ئۈچۈن ياخشىلىق ئىزدەپ يۈرىدىغان ئادەم ئۆزى ئۈچۈن كاتتا سوۋغا تەييارلاۋاتقان بولىدۇ .

**— سېنىكا**

بىر ئەۋلىيا خۇداغا مۇنداق شەكىلدە يالۋۇرۇپتۇ : ئېھ خۇدا ، ياخشىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلغانغا ئوخشاش يامانلارغىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلغايسەن . ياخشىلار ياخشىلىقنى ئاللىبۇرۇن ھېس قىل-دى . چۈنكى ئۇلار ياخشى بولغاچقا .

**— سەئىدى**

ئەگەر سەن ياخشى ئىش قىلىۋېتىپ يەنە ئۇنىڭدىن جاۋاب ئېلىشنى ئويلىساڭ ، ئۇ چاغدا ئۆزۈڭنىڭ ياخشى ئىش قىلىش كۈچىڭنى ئاجىزلىتىپ قويىسەن .

**— «مۇقەددەس پىكىرلەر»دىن**

ئوڭ قولۇڭ قىلغاننى سول قولۇڭ كۆرمىسۇن .

**— «ئىنجىل مەتتا»دىن**

**ياخشى قىلىنغان بىر ئىشنىڭ كىشىلەرگە بېرىدىغان خۇشاللى-قى نېمىدېگەن زور - ھە ! ئەگەر سېنىڭ ياخشىلىق قىلغىنىڭنى كىشىلەر بىلمىسە ، بۇنىڭ خۇشاللىقى تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ .**

## 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى    زىيادە تاماقلىنىش بىر خىل گۇناھ

زىيادە تويۇپ تاماقلىنىش بىر خىل يامان ئادەت . ئۇنىڭ باشقىلارغا ئەكېلىدىغان زىيىنى باشقا يامانلىقلارغا ئوخشاش ئېغىر بولىدۇ . نۇرغۇنلىرىمىز زىيادە تويۇپ تاماقلىنىشتەك يامان ئادەتنى يۇقتۇرۇۋالغانلىقىمىز ئۈچۈن ، نۇرغۇن ۋاقىتلاردا ئۇنى ئادەتتىكى ئىشتەك ئۆتكۈزۈۋېتىمىز .

بىر ئادەم ئۆتكۈزگەن جىنايەت بەزىدە باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈشى مۇمكىن . بەزىدە ئۆزىگە زىيان يەتكۈزۈشى مۇمكىن . ئەگەر سەن باشقىلارغا ھۆرمەت قىلمىساڭ ، باشقىلارغا زىيان سېلىش جىنايىتى ئۆتكۈزىسەن . ئەگەر سەن ئۆزۈڭگە ھۆرمەت قىلمىساڭ ، ئۆزۈڭگە زىيان سېلىش جىنايىتى ئۆتكۈزىسەن ، زىيادە تويۇپ تاماقلىنىش سەن دائىم سادىر قىلىدىغان ئۆزۈڭگە زىيان يەتكۈزىدىغان جىنايەتلەرنىڭ بىرى .

زىيادە تويۇپ تاماق يېگۈچىلەر ھۇرۇنلۇق بىلەن كۈرەش قىلىشقا ئامالسىز ؛ ھۇرۇنلار بولسا جىنسىي شاللاقلىق بىلەن كۈرەش قىلىشقا ئامالسىز . بارلىق مەنىۋى پەند ـ نەسىھەتلەرنىڭ ھەممىسى نەپسى خاھىشىنى بېسىۋېلىشنى چىقىش قىلغان .

خۇدا كىشىلەرگە نېمەت ئاتا قىلىدۇ ، يامانلىق كىشىلەرنى زىيادە تويۇپ تاماقلىنىشقا رىغبەتلەندۇرىدۇ .

سوقرات ئەقىل ـ پاراسەتلىك بىر ئادەم ئىدى . ئۇ ئۆز نەپسىنى بېسىۋالاتتى . زۆرۈرىيىتى يوق نەرسىلەرگە شۆلگىيىنى ئېقىتمايتتى . ئۇ : يېمەكلىك ئاچلىققا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىشى كېرەككى ، ھەرگىزمۇ ئادەمنىڭ تويماس نەپسىنى يېتىشتۇ-

رۇشكە ئىشلىتىلمەسلىكى كېرەك ، دەيتتى . يەنە كېلىپ ئۇ شا-
گىرتلىرىدىنمۇ مۇشۇ قائىدىگە ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى .
سوقرات شاگىرتلىرىغا : يۇنانلىق ئايال پىرىخون سېرىسى يامانلىق-
نىڭ نامايەندىسى . ئۇ ھەمىشە سېھىر ئىشلىتىپ كىشىلەرگە زىيان-
كەشلىك قىلىدۇ . بىراق ئەقىللىق ئۇدىپۇس ئەزەلدىن يېمەك -
ئىچمەككە ئۆزىنى ئۇرمايتتى . شۇڭا ئۇ سېرىسىنىڭ زىيانكەشلىكى-
دىن ئامان قالغان . لېكىن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن دوستلىرى
شۇنچىۋالا كۆپ يېمەكلىكنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەل-
مەي ، تويماي يەۋېرىدۇ . نەتىجىدە ئايال جادۇگەر سېرىسىنىڭ سېھ-
رى - ئارۋىقىغا كېتىپ بىر توپ چوشقىغا ئايلىنىپ قالغان ، دەيتتى .

ھەددىدىن زىيادە تويۇپ تاماقلىنىشنى كىشىلەر شۇنىڭ ئۈچۈن
گۇناھ ھېسابلىمايتتىكى ، تويۇپ تاماقلىنىشنىڭ زىيىنى روشەن
ئىپادىلەنمەيتتى . لېكىن ئادەمنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىغا زىيان
يەتكۈزىدىغان بەزى گۇناھلارمۇ بار ، ئۇ بولسىمۇ دەل ھەددىدىن
زىيادە تويۇپ تاماقلىنىش .

**ئېغىزىڭىزغا قاراپ بېقىڭ ، زىيادە تويۇپ تاماق-**
**لىنىۋاتقان ۋاقتىڭىزدا ، كېسەللىك ئېغىزىڭىز ئارقى-**
**لىق بەدىنىڭىزگە كىرىدۇ . ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەك-**
**لى سىزنىڭ مەززە قىلىپ تاماق يەۋېتىپ يەنە يېمەكچى**
**بولغانلىقىڭىزدا .**

## 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى **ئۆزىڭىزنى زىيادە ماختاپ كەتمەڭ**

ئاسمانغا پىچاق ئېتىش ئەخمەقانىلىك بولغانغا ئوخشاش ، ئۆزىنى
كۆپتۈرۈشمۇ ئىنتايىن ئەخمەقانىلىكتۇر . ئۆزىڭىزنى زىيادە ئاشۇرۇپ ماختى-
غان ۋاقتىڭىزدا ، باشقىلارنى بىزار قىلىسىز ، يەنە كېلىپ باشقىلارنىڭ
نەزەرىدە تولىمۇ ئەرزىمەس ئادەمگە ئايلىنىپ قالىسىز .

ئەگەر باشقىلارنىڭ يامان ئەمەس باھاسىغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلسىڭىز ، ئۇنداقتا ئۆزىڭىزنى زىيادە ماختاپ كەتمەڭ .

— پاسكال

ھەمىشە ئۆزىنىلا ماختايدىغان ئادەمنىڭ نەزەرىدە باشقا ئادەم بولمايدۇ . پەقەت ئۆزىلا بولىدۇ . ئەگەر بىر ئادەمنىڭ نەزەرىدە ئۆزىدىن باشقا ئادەم بولمىسا ، قارىغۇ ئۇنىڭدىن ئۇستۇنراق بولىدۇ .

— سەئدى

بىر ئادەم ئەتىگەندىن - كەچكىچە باشقىلارنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى باھاسىنى تىڭتىڭلاپ يۈرسە ، ئۇنداقتا ئۇ مەڭگۈ ئىچكى خاتىرجەملىككە ئېرىشەلمەيدۇ .

خۇشامەتچىلەر ھەمىشە خۇشامەت سۆزلىرىنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ ، چۈنكى ئۆزىنىمۇ ، باشقىلارنىمۇ تۆۋەن كۆرىدۇ .

**ئەگەر ياخشى نام - ئاتاقنى ساقلاپ قالىمەن دەيدىكەنسەن ، ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈڭنى ئۇچۇرما ، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ سېنى زىيادە ماختىشىغا يول قويما .**

## 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى **ئۆز رولىڭىزنى ياخشى ئېلىڭ**

بۈگۈن سىزنىڭ كۈنىڭىز ، شۇنداقلا مېنىڭ كۈنۈم ، بىزگە تالىق بىردىنبىر كۈن ، ئۆز رولىمىزنى ياخشى ئالىدىغان كۈن . مۇشۇ ئوتتۇرىدا بىز نېمىدىن دېرەك بېرىمىز ، بەلكىم چۈشەنمەسلىكىمىز مۇمكىن . لېكىن بىز بۇ يەردە ، بۇ رولنى ياخشى ئېلىشىمىز كېرەك . ھازىر بىزنىڭ ئويۇن كۆرسىتىدىغان ۋاقتىمىز . بىزگە ئايان بىر نۇقتا باركى ، ئۇ بىز ھەرىكەتلىنىدىغان رول ، يىغلاپ ئولتۇرىدىغان رول ئەمەس . ئۇ بىر دوستانە رول ، ئويۇنايدى-

غان ، نەپرەتلىنىدىغان رول ئەمەس . ئۇ بىزنىڭ باشقىلارغا ياردەم بېرىش شەكلى بىلەن ئۆز مېھىر ـ مۇھەببىتىمىزنى ئىپادىلەيدىغان رول .

ئەگەر قايتىدىن يەنە بىر قېتىم ياشاش مۇمكىن بولسا ، مەن شۇنداق بىر بەلگىلىمە تۈزەتتىم . ئاز دېگەندىمۇ ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم شېئىر ئوقۇپ ، مۇزىكا ئاڭلايتتىم ؛ چۈنكى مېڭەمنىڭ يىگەلەشكە باشلىغان ئاشۇ بىر قىسمى دائىم ئىشلىتىش ئارقىلىق ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىشى مۇمكىن . بۇ كاتتا مۇقاملاردىن مەھرۇم بولۇش ، بىر خىل بەختتىن مەھرۇم بولۇشتۇر . چۈنكى ئۇ بىزنىڭ تۇغمىلىقىمىزدىكى ھېسسىي قىسىملار ئارقىلىق ئاجىزلاپ كېتىشى ، نەتىجىدە زېھنىمىزنى زىيانغا ئۇچرىتىشى ، بىزنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتىمىزنىڭ بىجىرىم ، دۇرۇسلۇقىنى زىيانغا ئۇچرىتىشى مۇمكىن .

— دارۋىن

بىز ھەر مىنۇت ، ھەر ۋاقىت كىشىلىك ھايات كومېدىيەسىنى ئويناپ تۇرىمىز ، بۇ كومېدىيەنىڭ باش رولچىلىرى بىز ئۆزىمىز .

## 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى  رەھمەت ـ ھەشقاللىنىڭ قۇلى بولۇپ قالماڭ

بەدىنىڭىز ئۈچۈن ئېيتقاندا ، جىسمانىي ئەمگەك بىلەن بەدەن چېنىقتۇرۇش تۇرمۇشنىڭ مۇھىم شەرتلىرىنىڭ بىرى . بىر ئادەم باشقىلارنى ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىپ بېرىشكە مەجبۇرلىيالايدۇ . لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمگەك قىلمىسا بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىنى يوقىتىۋېتەلمەيدۇ . ئەگەر بىر ئادەم زۆرۈر ، گۈزەل ئىشلار ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسە ، ئۇنداقتا ئۇ زۆرۈر بولمىغان ، ئەخمىقا-

www.uyghurkitap.com

نە ئىشلار ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ يۈرۈيدۇ.

ئەمگەكنىڭ، ئەمگەك جەريانىنىڭ ئۆزى بىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، لېكىن ئۇنىڭ رەھمىتى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەگەر سىز بۇ نۇقتىنى بەجا قىلالىسىڭىز، سىز ياراتقان ئىگىڭىزنى، خۇدانى خۇش قىلالايسىز. ئەگەر سىز ئەمگەكتىن كېلىدىغان رەھمەت - ھەشقاللىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇۋېلىپ، ئەمگەكنىڭ ئۆزىنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويسىڭىز، ئۇنداقتا سىز رەھمەت - ھەشقاللىنىڭ قۇلى بولۇپ قالىسىز، رەزىللىكنىڭ، يامانلىقنىڭ قۇلى بولۇپ قالىسىز.

— جون رۇسكىن

بىر ياۋروپالىق بىر جۇڭگولۇققا پو ئېتىپ: «بىز ماشىنىنى كەشىپ قىلغاندىن كېيىن، ئادەملەر جىسمانىي ئەمگەك بىلەن قايتا شۇغۇللانمايدىغان بولدى» دەپتۇ. بىراق ھېلىقى جۇڭگولۇق رەددىيە بېرىپ: «جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىش گۈزەل ئىش. ئەگەر كىشىلەر جىسمانىي ئەمگەكتىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ چىقسا، ئاپەت ياغىدۇ» دەپتۇ.

ھەربىر جىسمانىي ئەمگەك، ئادەمنى تېخىمۇ ئالىيجانابلاشتۇرىدۇ. ئەگەر سىز باللىرىڭىزغا ئەمگەك ماھارىتى ئۆگەتمىسىڭىز، ئۇنداقتا ئۇنىڭغا باشقىلارنى بۇلاشنى ئۆگىتىڭ.

— «تالمۇد»دىن

**بۇلجۇڭلار چېنىقتۇرۇلمىسا، ئادەملەر ياكى ھايۋانلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشقا ئامالسىز قالىدۇ. بۇنداق چېنىقىش سىزگە خۇشاللىق ۋە قانائەت بەخش ئەتكەنىكەن، ئۇنداقتا سىز بەزى جىسمانىي ئەمگەكلەرگە پائال قاتنىشىشىڭىز كېرەك. بۇمۇ باشقىلارغا مۇلازىمەت قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى شەكىللىرىدىن بىرى.**

## 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىڭ

ئىبادەت قىممەتلىك مىنۇتلاردۇر . سىز بۇ چاغلىرىڭىزدىن پايدىلىنىپ چەكسىز شەيئىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشتىكى پو- زىتسىيەلىرىڭىزنى ، خۇداغا قانداق مۇئامىلە قىلىشتىكى پوزىتسى- يەڭىزنى توغرىلىۋالالايسىز .

ئەڭ ياخشىسى ھەر كۈنى ئوخشاش بىر ۋاقىتتا ئىبادەت قى- لىڭ . ناۋادا قەلبىڭىز زادىلا تىنچلانمىسا ، ئەڭ ياخشىسى ئىبادەت قىلمايلا قويۇڭ . ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىڭ ، ئاشۇ كەلىمىلەر- نى ئاددىيغىنا تەكرارلاپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلەنمەڭ .

ئىبادەت قىلسامىلا خۇدانىڭ رازىلىقىنى ئالالايمەن دەپ يېڭى- لىشماڭ . نىيەت ـ ئىقبالىڭىز بىلەن تېۋىنغاندىلا ئاندىن خۇدانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشەلەيسىز . ئىبادەت بىر خىل ئەسكەرتىش شەكلى ، سىز ئۇ ئارقىلىق «سىز كىم» ھەمدە «ياشاش ئىستىكىڭىز نىمە» دەپ ئۆزىڭىزنى ئەسكەرتىپ تۇرىسىز .

يالغۇز ئىبادەت قىلىش ئەلۋەتتە ياخشى ، يەنە كې- لىپ بەزىدە ئىنتايىن زۆرۈر ، ئەمما جامائەت بىلەن بىللە تۇرغىنىڭىزدا ، كەيپىڭىز بەك ھاياجانلىق ياكى بەك پەرىشان بولسىڭىز ، روھىڭىزنى ئويلاڭ ، خۇدانى ئويلاڭ ـ دە ، ئاستا ـ ئاستا تىنچلىنىپ ئىبادەت قى- لىڭ ، بۇمۇ بىر ياخشى چارە .

## 3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى بۇيرۇققا بويسۇنۇۋەرمەڭ

بۇ دۇنيادا ، بىز ھەربىي تەشكىلاتلارغا تايىنىش ئارقىلىق

ئۆرۈشنىڭ ئالدىنى ئالالمايمىز ، بىز پەقەت ئۆرۈشنىڭ زىيانكەش-
لىكىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان ئاشۇ كىشىلەر ئارقىلىقلا ئۆرۈش پارتلا-
ش خەۋپىنىڭ ئالدىنى ئالالايمىز . ئۇلارنىڭ قولىدىن كېلىدىغان
ئەڭ تەبىئىي ئىش شۇكى ، بۇيرۇققا بويسۇنۇۋەرمەسلىك .

توپ - زەمبىرەكلەر بىلەن قوراللانغان دۇنيا ۋە ئۇ باشلىغان
ئۆرۈش ھامان ئاخىرلىشىدۇ . بىراق ئۇنى ئاخىرلاشتۇرغۇچى پادى-
شاھ ياكى بۇ دۇنيادىكى ئالىلىقانداق بىرەر ھۆكۈمران ئەمەس ،
چۈنكى ئۆرۈش ئۇلارنى نەپكە ئېرىشتۈرىدۇ . پەقەت ئۆرۈشنىڭ
زىيانكەشلىكىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان ئاددىي پۇقرالارلا ئۆرۈشنىڭ
رەزىللىكىنى چۈشەنگەندىلا ، ئۆرۈش ئاندىن مەڭگۈلۈك تارىخقا ئاي-
لىنىدۇ .

**ئۆرۈش بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئۇسال ، ئەڭ قورقۇنچلۇق**
**ئىشلارنىڭ بىرى .**

## 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتى

بارلىق ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتى ئوخشاش .

ھايات جانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئازاب ۋە ئۆلۈمدىن قورقىدۇ .
سىز ۋە باشقا بارلىق جانلىقلارنىڭ ماھىيىتى ئوخشاش ئىكەنلىكىنى
تونۇشىپ ئاڭقىرىشىڭىز كېرەك . شۇنداق بولغاندا ، سىز جانلىقلارنى زە-
ھەرلىمەيسىز ، قايتا ئازابلانمايسىز ، ئۆلۈمدىن قورقمىسىز . بارلىق جانلىقلار-
نىڭ ھەممىسى سىز ئويلىغاندەك ئويلايدۇ ، بارلىق جانلىقلارنىڭ ھەم-
مىسى ئۆز تۇرمۇشىغا تەھسىن - ئاپىرىن ئېيتىدۇ .

**— «بۇددا ھېكايەتلىرى»دىن**

بارلىق جانلىقلارنىڭ مەنبەسى ئوخشاشلا مۇقەددەس ، بارلىق

جانلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر گەۋدە، بىز ھەممىمىز بىر ئۇلۇغ گەۋدىنىڭ ئەزالىرى.

تەبىئەت ئوخشاش ماتېرىيال، ئوخشاش مەقسەت بىلەن ئۆزئار باغلىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بىزنى ياراتقان. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقتىن، بارلىق كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزئارا كۆيۈنىدىغان مۇ- ھەببەت مەۋجۇت.

— سېنىكا

ئىنسانىيەتكە خاس توغرا يول پەقەت بىرلا. بىز بۇ يولدا يا بالدۇر، يا كېيىن ئۇچرىشىمىز. بۇخىل ئەستىلىك قەلبىمىزگە نەقىش بولۇپ ئويۇلغان، يەنە كېلىپ ئۇنى ناھايىتى ئاسانلا تاپقىلى بولىدۇ. خۇدا بۇ يولنىڭ تۇگەنچىسىدە تۇرىدۇ، ئۇ بىزنى يېنىغا كېلىشكە چاقىرىدۇ. ئادەمنى ئازابلايدىغىنى شۇكى، بەزىلەرنىڭ بۇ توغرا ھاياتلىق يولىدىن ئېزىپ، تۈيۈق يول بىلەن مېڭىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ھالاكەتكە يۈزلىنىشكە كۆزىمىزنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرۇشتۇر.

— گوگىل

**قەلبىڭىزدىكى بارلىق جانلىقلار ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولىدىغان پەۋقۇلئاددە باغلىنىشنى بايقىشىڭىزغا توسالغۇ بولىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى چىقىرىپ تاشلاڭ.**

## 3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى **نىكاھ قەسرى**

يېمەكلىك يەككە جانلىقلارنىڭ مۇقەررەر ئېھتىياجى، نىكاھ ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ مۇقەررەر ئېھتىياجى. يېمەك - ئىچمەكتە چەك قويماسلىق شەخس ئۈچۈن بىر خىل جىنايەت ھېسابلىنىدىغان بولسا، نىكاھ ۋە جىنسىي تۇرمۇشتا چەك قويماسلىق، مەيلى شەخس ئۈچۈن بولسۇن ياكى جەمئىيەت ئۈچۈن بولسۇن ئوخشاشلا جىنايەتتۇر.

www.uyghurkitap.com

ئەر ـ ئايال نىكاھ قەسىرىگە كىرگەندىن كېيىن ، ئىككىيلەن بىر ـ بىرىگە ھەمدەم بولىدۇ ، خىزمەتتە بىر ـ بىرىنى قوللايدۇ ، مەيلى مۇۋەپپەقىيەت يولىدا ماڭسۇن ياكى بەختسىزلىك گىرداۋىدا بولسۇن ، ئىككىيلەن قول تۇتۇشۇپ ، ئۇزۇن ھاياتلىق مۇساپىسىنى بېسىپ تۈگىتىشى كېرەك .

— گېئورگى ئېلىوت

يەھۇدىيلارنىڭ پارسىي مەزھىپىدىكى بىر مۇخلىس نەگىلا بارسا ، ئۇنى ۋەسۋەسىگە سېلىش ھەمدە سىناپ بېقىش مەقسىتىدە : «بىر ئەر ئاللىقانداق بىرەر سەۋەب تۈپەيلى خوتۇنىنى تاشلىۋەتسە ، بۇ ئۇسۇل شەرىئەتكە ئۇيغۇنمۇ ؟» دەپ سورايدىكەن . ئۇ ناھايىتى تەۋەززۇ بىلەن بۇ مۇخلىسلارغا شۇنداق جاۋاب بېرىدىكەن : «خۇدا ئەر ۋە ئايالنى بىللە بولسۇن دەپ ياراتقان ، مانا مۇشۇلا ئەڭ مۇكەممەل گەۋدە ، بىر ئەر ھەرقانداق سەۋەبنى باھانە قىلىپ ئايالىنى تاشلىۋەتسە بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدىكەن .

— «ئىنجىل مەتتا» دىن

ئەر بىلەن ئايالنىڭ نىكاھىي قوشۇلۇشى ، ھەربىر ئادەم ھەمدە پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن ، بۈيۈك ھەم مۇھىم بىر ئىش . سىز نوقۇل شەخسنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا تايىنىپلا بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلالمايسىز . سىز بۇنى ئەقىل بويىچە بەلكى ئالدىنقىلار ئويلىغان ۋە تەشەببۇس قىلغان مۇقەددەس شەكىل بويىچە بىر تەرەپ قىلىسىز .

نىكاھ ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى بىرخىل پەۋقۇلئاددە مەجبۇرىيەت ، بالا نىكاھىي مۇناسىۋەت ئورناتقان ئىككى تەرەپتىن تۇغۇلۇشى كېرەك . بۇنىڭغا مۇخالىپ قىلمىشلارنىڭ ھەممىسى كاززاپلىق ، ئالدامچىلىق ، گۇناھتۇر .

3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى **ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىڭ**

بىر ئادەمنىڭ بارلىق ئىش ـ ھەرىكىتى ئۇنىڭ تەقدىرىگە ئايلىنىدۇ. مانا بۇ بىزنىڭ كىشىلىك ھايات مىزانىمىزدۇر.

پارسلار ئارىسىدا مۇنداق بىر مەسەل تارقالغان: بىر ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن روھى ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپتۇ، ئاسماندا، روھ كىيىملىرى جەندە ـ جەندە، مەينەت، يادائىغۇ بىر ئايالغا ئۇچرىشىپتۇ، بۇ ئايال ئۇنىڭ بىلەن قارشى يۈزلىنىشتە كېلىۋاتقانىكەن.
— سەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇ ئەرۋاھ.
— سەن كىم؟ — دەپتۇ بىچارە ئايال جاۋابەن، — مەن سېنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىڭمەن.

بىز گۈزەل تۇرمۇش توغرۇلۇق پىكىر يۈرگۈزۈپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى ياخشى ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشىمىز كېرەك.
— «تالمۇد» تىن

ھازىر قىلىدىغان ياخشى ئىشنى كېيىنگە قالدۇرماڭ، چۈنكى ئۆلۈم سىزنى قىلىدىغان ئىشلىرىنى قىلىپ بولدىمۇ، يوق، دەپ ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا يېنىڭىزغا بارىدىغان پەيتنى تاللاپ ئولتۇرمايدۇ، ئۆلۈم ھەرقانداق ئادەمنى ساقلاپ تۇرمايدۇ، ھەرقانداق ئىشنىمۇ ساقلاپ تۇرمايدۇ، ئۇنىڭ دۈشمىنىمۇ يوق، دوستىمۇ يوق.
— «ھىندى ئەقلىيەلىرى» دىن

سىز بۇ دۇنياغا تۇغۇلغاندا يىغلاپ توختىمايسىز، ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەر بولسا تۇغۇلغانلىقىڭىزدىن خۇش بولۇپ قىن ـ قىنىغا پاتماي قالىدۇ. ھاياتىڭىز شۇنداق بىر تەرزدە ئۆتسۇنكى، سىز بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، ئۆكۈنمەي، پۇشايمان

قىلماي جەننەتكە داخىل بولغايسىز ، لېكىن ئەتراپتىكى كىشىلەر ئۆلۈمىڭىزدىن ھەسرەت كەمىرىنى باغلىغاي .

— «ھىندى ئەقلىيەلىرى»دىن

**ئىلگىرىكى ئىش ـ ھەرىكىتىڭىز كەلگۈسىڭىزگە غا-يەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ ، لېكىن بەزىدە سىز ئۆز رو-ھىڭىزنى پاكلاشتۇرۇش ئارقىلىق ناتوغرا ھاياتلىق يۇزلى-نىشىڭىزنى توغرا يولغا سېلىۋالالايسىز .**

## 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى **قەلبىڭىزنى پاكلاڭ**

ئەقىلگە ئىگە بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قەلبنى پاكلاشتۇر ، ئەقىلگە ئىگە بولۇشنىڭ نەتىجىسى قەلب خاتىرجەملىكىدۇر .

ئۆز ئۈمىدىنىڭ رايىغا باققان ئادەم ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگە-شىپ پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىدۇ ، ئۆزى قىلغان ئىشلاردىن زادىلا قانائەت ھېس قىلمايدۇ .

قولدىن بېرىپ قويغۇدەك ھېچنېمىسى يوق ئادەم ئىنتايىن باي ئادەمدۇر .

— جۇڭگو ماقالى

ئەقىللىق ئادەملەر مەڭگۈ مەمەدانلىق قىلمايدۇ . ئەگەر بىر ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا ھەمىشە خۇدانىڭ سىماسى ئايان بولسا ، ئۇ ئۆزىنى مەڭگۈ ئەقىللىق ھېسابلىمايدۇ .

**ئەقىل چەكسىز بولىدۇ ، سەن ئۇنىڭغا قانچە يېقىن بولساڭ ، ئۇ سېنىڭ ھاياتىڭنى شۇنچە مۇھىم قىلىۋېتىدۇ .**

## 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئەقىل نۇرىڭىزنى پارلىتىڭ

ئەتراپىڭىزغا قاراپ بېقىڭ ، بۇ دۇنيادىكى كىشىلەر زادى نېمىنى ئويلايدىغاندۇ؟ ئەڭ مۇھىم بىر ئىشنى ئويلىمىغاندىن باشقا ھەممىنى ئويلايدۇ . ئۇلارنىڭ ئۇسسۇل ئويىنىغۇسى ، ناخشا ـ مۇزىكا ئاڭلىغۇسى كېلىدۇ ؛ ئۇلار ئۆي بىساتىنى ، بايلىق ۋە ھوقۇق ـ مەنپەئەتنى ئويلايدۇ . ئۇلار بايلارغا ۋە پادىشاھلارنىڭ ئىلكىدىكى مال ـ دۇنيالارغا ھەسەت قىلىدۇ ؛ لېكىن ئۇلار ئادەم بولۇشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئەسلا ئويلىمايدۇ .
— پاسكال

بىر ئادەمنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتىنىڭ بىرى ئەقىل ئۇچقۇنلىرىنى پارلىتىپ بۇ دۇنيانى يورۇتۇشتۇر .
— جۇڭگو ماقالى

بۇ دۇنيادىكى بارچە مەۋجۇدات مۇقەددەس ئەقىلنىڭ نامايەندىسىدۇر . بىز ئەقىلنىڭ قۇدرىتىنىڭ ھىممىتىدە بۇ دۇنيانى بىرلەپ چۈشىنىمىز . بەزىلەر بۇ قائىدىگە ئىشەنمەيدۇ . ساختا ئەقلىگە بويسۇنما دەپ نەسىھەت قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى باشقىلارنىڭ باللىرىنىڭ ئىستىقبالىغا زامىن بولىدىغان ئاشۇ كىشىلەرنى ئەسلىتىدۇ ، ئۇلار ساختا قاراڭغۇلۇقتا ئىلگىرىلەش يولىنى يورۇتۇۋاتقان ئاشۇ بىرگىنە چىراغنى چۈرۈۋېتىشكە ئۈندەيدۇ .

**مۇھەببەت كىشىلەرنى بىرلىككە يۈزلەندۈرىدۇ ، ھالبۇكى ھەممە ئادەمگە ئورتاق ئالەملىك ئەقىل بىرلىكنى كاپالەتلەندۈرۈپ تۇرىدۇ .**

## 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى دۈشمىنىڭىزگە غەمخورلۇق قىلىڭ

قەلبىڭىز باشقىلارغا ھەتتا سىزدىن بىزار ياكى سىزگە دۈشمەنلىك غەرەزدىكى كىشىلەرگە بولغان مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن تولغاي . دۈشمىنىڭىزگە غەمخورلۇق قىلىش ـ قىلالماسلىقىڭىز ، مۇھەببەتلىك قەلبكە ئىگە بولغان ـ بولمىغانلىقىڭىزنى سىنايدىغان سىناقتۇر .

كۆپچىلىك ئارىسىدىكى ئەڭ مۇكەممەل ئادەم باشقىلارنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى ئويلاشماي قارشى تەرەپكە سىلى ـ رەھىم قىلىدىغان ئادەمدۇر .

— مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

كەمتەر بولۇڭ ، يەڭگىلتەكلىكتىن ساقلىنىڭ . ھەتتا ئۆتكۈر شەمشەرمۇ يۇمشاق يىپەكنى كېسەلمەيدۇ . ناۋادا سىز مۇلايىم سۆز ۋە ئاق كۆڭۈللۈككە تايانسىڭىز ، بىر تال چاچ بىلەن بىر پىلنى يېتىلىيەلەيسىز .

— سەئىدى

ئەگەر دۈشمىنىڭىزگە كۆيۈنسىڭىز ، ھېچقانداق دۈشمىنىڭىز قالمايدۇ .

## 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى زۆرۈر بىلىملەرنى تاللىۋېلىڭ

ھەقىقىي پاراسەت ھەممىنى بىلىدىغانلىقتا ئەمەس ، بەلكى تۇرمۇشتا نېمىنى بىلىشنىڭ زۆرۈر ، نېمىنى بىلىشنىڭ ئانچە زۆرۈر ئەمەسلىكىنى ، نېمىنى بىلىشنىڭ تۇپتىن زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى چۈشىنىشتە .

ئەڭ زۆرۈر بىلىم ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھايات يولىنى قانداق مېڭىشنى بىلىشتە ئىپادىلىنىدۇ، يەنى ھاياتىدا قانداق قىلغاندا خاتا ئىشلارنى ئاز سادىر قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ھەمدە ئىمكانقەدەر ياخشى ئىشلارنى كۆپ قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىشتە. ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر كۈن بويى قىلچە ئەسقاتمايدىغان نەرسىلەرنى تەتقىق قىلىپ يۈرىدۇ ـ يۇ، ئەڭ مۇھىم بولغان بۇ بىلىملەرنى تەھسىل قىلىشقا سەل قارايدۇ.

بىلىمى يېتەرسىز ئادەم ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىشقا ئامراق كېلىدۇ، ھالبۇكى بىلىمى مول ئادەم ھەمىشە سۈكۈت قىلىدۇ.

بىلىمى كەمچىل ئادەم ئۆزى بىلگەن ھەممە نەرسىنى ئىنتايىن مۇھىم دەپ بىلىدۇ ھەمدە ئۇنى ھەممىلا ئادەمگە جار سالغۇسى كېلىدۇ؛ لېكىن بىلىمى مول بىر ئادەم ئۆزىنىڭ يەنە نۇرغۇن نەرسىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشىنىدۇ. شۇڭا ئۇ گەپ قىلىش زۆرۈر بولغان ۋاقىتتا ئاندىن ئېغىز ئاچىدۇ؛ ناۋادا باشقىلار ئۇنىڭدىن سورىمىسىلا، ئۇ سۈكۈتنى ساقلايدۇ.

— ژان .ژاك .روسسو

**ناۋادا بارلىق بىلىملەرنىڭ ھەممىسىلا پايدىلىق بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا قانداقلىكى بىلىمنى ئۆگەنسە پايدىلىق بولۇۋېرىدۇ. ۋاھالەنكى، رېئاللىقتا نۇرغۇنلىغان خاتا نەرسىلەر پايدىلىقتەك، پايدىلىق بىلىمدەك تۇيۇلىدۇ. شۇڭا، سىز ئۆزىڭىز ئېرىشمەكچى بولغان بىلىملەرنى ئوبدان تاسقىشىڭىز كېرەك.**

3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى **ئۆزىڭىزنى تىرىشىپ يۈكسەلدۈرۈڭ**

ئەقىدە ـ ئېتىقاد ۋە ئۈمىد ـ ئىستەكلەردىن مۇستەسنا بىر

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. بارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر ئەقىدە ـ ئېتىقاد ۋە ئۈمىد ـ ئىستەكلەر ماقۇل تاپقان ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلمىسا، ئۇنداقتا ئۇ بىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزنى ھەقىقىي تۈردە يۈكسەلدۈرەلمەيدۇ.

— مادزىنى

ئەگەر سىز ئۆزىڭىز ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىكى بەزى ئوسال تەرەپلەرنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆزگەرتمەكچى بولسىڭىز، ئۇ ھالدا سىز ماڭىدىغان پەقەت بىرلا يول بار: سىز جەزمەن كىشىلەرنى يۈكسەلدۈرۈشىڭىز كېرەك. كىشىلەرنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن، ئىشنى ئۆزىڭىزنى يۈكسەلدۈرۈشتىن باشلىشىڭىز كېرەك.

**بىز پەقەت كىشىلەرگە توغرا ئەقىدە ـ ئېتىقاد يەتكۈزۈش ئارقىلىقلا، ئاندىن بۇ دۇنيانىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەلەيمىز.**

3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى **باشقىلارنى مەڭگۈ ئەيىبلىمەڭ**

باشقىلارنى ئەيىبلەش شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھەمىشە خاتا بولۇپ چىقىدۇكى، چۈنكى باشقىلار روھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ھەمدە يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.

بىز ھەمىشە باشقىلارغا باھا بېرىمىز، بەزىلەرنى ناھايىتى ياخشى، بەزىلەرنى ناھايىتى دۆت، بەزىلەرنى ناھايىتى قەبىھ، بەزىلەرنى ناھايىتى ئەقىللىق دەپ ئاتايمىز. لېكىن ئەمەلىيەتتە بىز ئۇنداق قىلمايمىز. ئادەم ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۇ دەريا سۈيىگە ئوخشاش بىر ئىزىدا تۇرمايدۇ، ھەمىشە ئىلگىرىكى ھالىتى بىلەن ئوخشاشمايدۇ. ئىلگىرى ئۇ دۆت بولۇشى مۇمكىن، لېكىن



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يېڭى بىر كۈندە ئەقىللىقلىشىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن ؛ ئىلگىرى ئۇ يامان غەرەزلىك بولۇشى مۇمكىن ، لېكىن ھازىر ئاق كۆڭۈللە- شىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن . بۇنداق ئىشلار ھەددى - ھېساب- سىز . سىز بىر ئادەمگە باھا بېرىشكە ئامالسىز . سىز بىر ئادەمنى ئەيىبلەۋاتقان ئاشۇ دەقىقىدە ، ئۇ ئاللىبۇرۇنلا ئىلگىرىكىدىن تاما- مەن باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن .

ئۆزىڭىزنى باشقىلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ ، باشقىلارنى ئويلاپ قويۇڭ ، باشقىلارنى مەڭگۈ ئەيىبلىمەڭ .

— «تالمۇد»دىن

سىز بەلكىم نۇرغۇن ئىشلاردا باشقىلارنى كەچۈرۈۋېتىشىڭىز مۇمكىن ، لېكىن ھەرقانداق بىر ئىشتا ئۆزىڭىزنى كەچۈرۈۋەتمەڭ .

— شىرازى

يامانلىق قىلىشنى ئويلىمايدىغانلىقىمنى بىلىمەن ، ئەگەر يامان ئىش قىلسام ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىغانلىقىمدىن قىلىمەن . باشقىلارمۇ مۇ- شۇنداق قىلىدۇ : ئۇلارنىڭ ھەمىشە يامان ئىشلارنى قىلىپ سېلىشى ئۆزىنى ئوبدان جوڭقۇرالمىغانلىقىدىن بولغان . شۇڭا قانداقسىگە باشقىلاردىن يامانلاي ، قانداقسىگە ئۇلارنى ئەيىبلەي ؟

**ئەگەر ئۆزىڭىزنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ئۆزگەرتمەكچى بولسىڭىز ، ۋاقتىڭىزنى باشقىلارنى ئەيىبلەش بىلەن ئىسر- راپ قىلىۋەتمەڭ .**

## 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى **بايلار ۋە نامراتلار**

ئەگەر بايلار ئۆزلىرىنى نامراتلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىدىن بەھ- رىلىنىشكە ھەقلىق ھېس قىلسا ، يەنە كېلىپ ئۆزلىرى خەير - ساخا-

www.uyghurkitap.com

ۋەتچىمىز دەپ قارىسا ، ئۇنداقتا بۇ — دۇنيانىڭ ھەسرىتىدۇر .

بىر پارچە تاشنىڭ كوزىنى چېقىۋېتىشى كوزىنىڭ بەختسىزلىكىدۇر ؛ بىر كوزىنىڭ بىر تاشنىڭ ئۈستىگە چۈشۈشىمۇ كوزىنىڭ بەختسىزلىكىدۇر . مەيلى قايسى خىل ئەھۋال بولسۇن ، ھەممىسى كوزىنىڭ ھەسرىتىدۇر .

— «تالمۇد»دىن

بايلىقنى ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ئەمگىكى ياراتقان ، ئادەتتىكى ئەھۋالدا ، بىر قىسىم كىشىلەر بىۋاسىتە ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ، باشقىلار بولسا ئۇلارنى جۇغلايدۇ ، بۇنى زامانىمىزدىكى ئەقىللىقلار «ئەمگەك تەقسىماتى» دەپ ئاتايدۇ .

بۇ دۇنيادا بەزى ئىشلار ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن ، چۈنكى بۇ بايلارنىڭ ئۆزلىرىنى نامراتلارغا ئېھتىياجلىق ساخاۋەتچىلەر دەپ قارىۋالغانلىقىدىندۇر .

> بايلارنىڭ خۇشاللىقى ھەمىشە نامراتلارنىڭ كۆز يېشى ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ .

### 3 — ئاينىڭ 20 — كۈنى ھالال ، ۋىجدانلىق ياشاڭ

خۇدانىڭ ئىستىكى بويىچە ياشايدىغانلار باشقىلارنىڭ تەنقىدىگە بەك سەزگۈر بولمايدۇ .

سىز مۇنداق بىر خىل شەكىلدە پىكىر يۈرگۈزۈشىڭىز كېرەك : ھەربىر ئادەم روھىڭىزنى كۆرەلەيدىغان بولسۇن ، ئۇنىڭدا نېمىنىڭ ھازىرلىنىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرسۇن .

— سېنىكا

ھالال ، مەردانە ، ۋىجدانلىق ياشاڭ .

— كانت

ئوسال قىلىقلىرىڭىزنى يوشۇرغىنىڭىز ياخشى ئەمەس ، ئۇنى ئاشكارا سورۇنلاردا نامايان قىلىڭ ھەمدە بۇنىڭدىن نومۇس ھېس قىلماڭ ، بەلكى شەرەپ دەپ بىلىڭ .

باشقىلار بار ئەھۋالدا ، ئۆزىڭىزنىڭ خاتا قىلمىشلىرىدىن نومۇس ھېس قىلىسىڭىز ، ئەلۋەتتە ياخشى ؛ لېكىن تېخىمۇ ياخشىسى ، تەنھا ئۆزىڭىز بار ئەھۋالدىمۇ ، قىلىپ سالغان خاتا ئىشلىرىڭىزدىن ئۇيېتىڭ .

باشقىلار ھال ـ ئەھۋالىڭىزنى سورىغاندا ، ئۇلاردىن ھەرقانداق ئىشنى يوشۇرماڭ ، لېكىن ئۇلار قىلغان يامانلىقلىرىڭىزنى تىلغا ئالمىغان ۋاقىتتا ، ھەرگىز ماختىنىپ داۋراڭ سالماڭ .

باشقىلاردىن بەزى ئىشلارنى سىر تۇتسىڭىز بولىدۇ ، لېكىن خۇدادىن ھەرقانداق ئىشنى يوشۇرالمايسىز .

سىز قىلغان ھەرقانداق ئىش خۇدانىڭ ئالدىدا سىر ئەمەس .

— «ئىنجىل لۇقا»دىن

**ھاياتىڭىزنى مۇنداق تەرىزدە ئۆتكۈزۈڭ : باشقىلاردىن تۇرمۇشىڭىزنى يوشۇرماڭ ھەم باشقىلارغا تۇرمۇشىڭىزنى كۆز ـ كۆز قىلماڭ .**

## 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى **ھايات مەجبۇرىيىتى**

بىز ھاياتىمىزنى پەقەت مۇشۇ دۇنيادىلا مەۋجۇت بولىدۇ ، دەپ

ھېس قىلىمىز ؛ شۇڭا ھاياتىمىزنىڭ بىرەر مەنىسى بار دېيىلسە ، ئۇمۇ مۇشۇ دۇنيادىلا ئۆز ئەھمىيىتىنى نامايان قىلىشى كېرەك .

ھاياتلىقتىكى ئانچىكىم جەبىر - مۇشەققەتلەرنى دەپ ئۆلۈم خىيالى تۇغۇلسا بولمايدۇ . زىممىڭىزدىكى بارلىق مەجبۇرىيەتلەر بۇرچىڭىزنى ئادا قىلىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ . ئېغىر يۈكتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى ئۆز مەجبۇرىيىتىڭىزنى ئادا قىلىشقا قۇربىڭىز يېتىدىغان شەكىل بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈش .

— ئېمېرسون

ھەقىقىي ھاياتلىقنى پەقەت مۇشۇ ماكان ، مۇشۇ زاماندىلا تاپ- قىلى بولىدۇ ، ناۋادا بىرى سىزگە ئۇ دۇنيالىق ھاياتىڭىزنى پىلانلاپ ياشاڭ دېسە ، ئىشەنمەڭ . بىز مۇشۇ ماكان ، مۇشۇ زاماندا ياشاۋاتىمىز ، بىزنىڭ چۈشىنەلەيدىغانلىرىمىز پەقەت مۇشۇ دۇنيا . شۇڭا بىزنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرىمىزنىڭ ھەممىسى مۇشۇ جە- ھەتتىكى تۇرمۇشىمىزنى ياخشىلاشقا سەرپ قىلىنىشى كېرەك . سىزمۇ بۇ دۇنيادىكى دەتىقلىرىڭىزنى ئۆزىڭىز چۈشەنگەن ئېسىل شەكىلدە ئۆتكۈزۈشىڭىز كېرەك .

كىشىلىك ھايات جەبىر - جاپامۇ ئەمەس ، ھۇزۇر - ھالاۋەتمۇ ئەمەس ، بەلكى بىز جەزمەن تاماملايدىغان ئىش ، بەلكى بىز ھايات- لىقتىكى ئۇلۇغۋار نىشانىمىزنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا قەدەم بىلەن ئادا قىلىدىغان ئىش .

— ئالېكسىس . د . توكۋېر

بۇ دۇنيا ، پەقەت مۇشۇ دۇنيالا بىزنىڭ خىزمەت قىلىدىغان جايىمىز . بىزنىڭ بارلىق كۈچىمىز ، بارلىق تىرىشچانلىقىمىز بۇ دۇنيادا كەم - كوتىسىز ئىشلىتىلىشى كېرەك .

## 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ھەقىقەت ئىزدەپ بوشاشماڭ

ناۋادا ھەقىقەت ھاياتلىق يولىمىزنىڭ تېخىمۇ راۋان بولۇشىغا ئىمكان بەرسە، ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىش ھەقىقەتتىن ئۆزىنى قا-چۇرغاندىنمۇ ئەۋزەل. ھاياتىمىزنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ، لېكىن ھەقىقەتنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ. ئۇ ئۆز خىسلىتىنى مەڭگۇ ساقلايدۇ، ئۆڭمەيدۇ، ئالغا بېسىش يولىمىزنى مەڭگۇ يورۇتۇپ تۇرىدۇ.

**گويا كۆپچىلىك ھەر ۋاقىت، ھەر مىنۇت بىزنى كۆ-رۈپ تۇرغاندەك، گويا روھىمىزنىڭ ئەڭ پىنھان بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىنىمۇ باشقىلار ئوپئوچۇق كۆرۈپ تۇرىدىغاندەك، بىز ئوچۇق ـ ئاشكارا، ھالال ياشىشىمىز كېرەك. نېمىلەرنىدۇر يوشۇرۇشىمىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئەمەلىيەت-تە، سىز يارانقۇچىدىن ھېچنېمىنى يوشۇرالمايسىز. بار-لىق مۇقەددەس ئىلىملەر ۋە ئىنسانىيەتنىڭ بىلىملىرىنى بىرلا ھەقىقەتكە يىغىنچاقلاش مۇمكىن: بىز ھەممىمىز بىر چوڭ ئائىلىنىڭ ئەزالىرى. تەبىئەت بىزنى بىر چوڭ ئائىلە قىلىپ بىرلەشتۈرگەن. بىز جەزمەن ئىجىل ـ ئىناق ياشى-شىمىز، ئۆزئارا يار ـ يۆلەكتە بولۇشىمىز كېرەك.**

## 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى بىز ھەممىمىز بۇ دۇنياغا كەلگەن مېھمان

يەر شارى، ھاۋا ۋە قۇياش ھەممىمىزگە ئورتاق مەنسۇپ، ئۇلارنىڭ مەلۇم كىشىلەرگە خاس بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

بىز ھەممىمىز بۇ دۇنياغا كەلگەن مېھمان. بۇ دۇنيادا، مەيلى سىز نەگىلا بېرىڭ، شەرققە بېرىڭ، غەربكە بېرىڭ، جەنۇبقا بې-رىڭ، شىمالغا بېرىڭ، ھەمىشە بىر ئادەم كېلىشىڭىزنى كۈتۈپ

تۇرغان بولىدۇ ھەمدە سىزگە : «بۇ مېنىڭ روزغارىم ، بۇ يەردىن
كېتىڭ» دەپ سەمىڭىزگە سالىدۇ . سىز بۇ دۇنيادىكى تۇرغۇن
ئەللەرنى زىيارەت قىلىسىز ھەمدە ئۆز يۇرتىڭىزغا قايتقانلىقىن كې-
يىن دۇنيانىڭ چوڭلۇقىنى ، خوتۇن - بالىلىرىڭىز روزغار تۇتقۇ-
دەك شاپىلاقتەك بىر پارچە يەرنىڭمۇ يوقلۇقىنى ، پۇتىڭىز سىغقۇ-
دەك ۋە خىزمەت قىلغۇدەك ، بالىلىرىڭىز سىز ۋاپات بولغاندىن
كېيىن سىزنى دەپنە قىلغۇدەك بىر پارچە جايمۇ تاپالمايدىغانلىقىنى
بايقايسىز .

— روبېرت دې رامېنىز

ئەگەر سىز بىر جايدا يالغۇز قېپقالسىڭىز ، ۋەھالەنكى بۇ يەر
باشقا بىر كىشىنىڭ روزغارى بولۇپ ، ئۇنىڭغا سىز تامامەن ئەركىن
ئادەمسىز ، ئۆزىڭىز ئۇچۇن خالىغانچە خىزمەت قىلسىڭىز بولىدۇ
دېسىڭىز ، بۇ خۇددى سىز ئۇنى تىنچ ئوكيانغا چۆرۈۋېتىپ ، قىر-
غاقتا ئەركىن ئۈزۈپ بارالايسىز دېگەندەك بىر ئىش بولىدۇ .
— ھېنرى گېئورگى

ئىگىلىگەن زېمىنى ئائىلىسىنى قامداش ئۈچۈن ئېھتى-
ياجلىق بولغان زېمىندىن كۆپ ئارتۇق بولغان كىشىلەر
نامراتلىق گىردابىغا چۈشۈپ قالغان كىشىلەر ئالدىدا باش
تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيەتكە ئىگە .

3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى **چىن دىلىڭىز بىلەن ئىزدىنىڭ**

دۇنيادا خۇداغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەر بەزىدە خۇدانىڭ
مەۋجۇتلۇقى توغرۇلۇق تېڭىرقاپ قالىدۇ . لېكىن بۇنداق تېڭىر-
قاشنىڭ زىيىنى يوق . ئەكسىچە ، بۇ بىزنى خۇدانى تېخىمۇ ياخشى
چۈشىنىش يولىغا باشلايدۇ .

چىن قەلبى بىلەن خۇدانى ئىزدەش بىر ئۇزۇن مەنزىل .

مۇسا ئەلەيھىسسالام خۇداغا : «مەن ئۇ يەردە سېنى تاپالايمەن-مۇ ؟» دەيدۇ . خۇدا جاۋابەن : «ئەگەر سەن مېنى ئىزدەۋاتقان بولساڭ ، ئۇنداقتا مېنى ئاللىقاچان تېپىپسەن» دەيدۇ .

بەزىلەر بىر ئاقىلدىن : «سىز خۇدانىڭ بارلىقىنى قانداق بىلدىڭىز ؟» دەپ سوراپتۇ . ئاقىل جاۋابەن : «قۇياشنى كۆرۈشكە ئوتقاشنىڭ نە كېرىكى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ . بىز ھەرقانچە كۆپ تىل ئىشلەتسەكمۇ خۇدانىڭ نېمىلىكىنى مۇكەممەل ئىزاھلاشقا ئاجىزلىق قىلىمىز ، لېكىن ھەرقانداق بىر خىل تىلغا مۇراجىئەت قىلمايمۇ ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چۈشىنىمىز .

— «ئەرەب ئەقلىيەلىرى»دىن

**يەھۇدىيلار خۇدانىڭ ئىسمىنى جار سېلىپ چاقىرىشنى بىر خىل گۇناھ دەپ قارايدۇ . بۇ توغرا : خۇدا روھ ، ھالبۇكى ھەربىر ئىسىم ماددا ئەمەس ، روھ .**

## 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى   ياردەم ئۆزئارا بولىدۇ

بىز بۇ ھاياتىمىزدا ئۆزئارا ياردەم بېرىشىمىز كېرەك . بەزىدە بىز باشقىلارغا ياردەم بېرىمىز ، بەزىدە باشقىلار بىزگە ياردەم بېرىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىزنىڭ بىر دۇنيا بولۇپ تەشكىللىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ ، ئادەتتىكى ئەھۋالدا ، بەزىلەر ھەمىشە باشقىلارغا ياردەم بېرىدۇ ، ھالبۇكى بەزىلەر ھەمىشە باشقىلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولىدۇ .

سىز بەزى نەرسىلەرگە ئېرىشىپ ئۇلاردىن پايدىلانغان ۋاقتىڭىزدا ، ئۇلار باشقىلارنىڭ تىرىشىپ خىزمەت قىلىش بەدىلىگە كەلگەنلىكىنى مەھكەم ئېسىڭىزدە ساقلىشىڭىز كېرەك . سىز بۇ نەرسىلەرنى بۇزۇپ قويغان ياكى زىيان سالغان چېغىڭىزدا ، باشقىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى بۇزغان ۋە زىيان سالغان بولىسىز .

قەيسەر ھەم ئەقىللىق ئادەم ئۆز ئىلكىدىكى بۇ ھەدىيەلەردىن پايدىلىنىپ باشقىلارغا ياردەم بېرىدۇ .

— جون رۇسكىن

ياردەم ئۆزئارا بولۇشى كېرەك . بۇنىڭدىن باشقا باشقىلار ياردىمىنى ئالغان ئادەم قارشى تەرەپكە پۇل - مال بىلەن ياردەم قىلىپلا قالماستىن ، يەنە كۆيۈنۈش ، ھۆرمەت ۋە مىننەتدارلىق بىلەنمۇ باشقىلارغا جاۋاب قايتۇرۇشى لازىم .

**ئىگىلىگەن بارلىق بىلىملىرىڭىزنى بىر خىل ئېھسان ، باشقىلارغا ياردەم بېرىشتىكى بىر خىل قورال دەپ بىلىڭ .**

3 - ئاينىڭ 26 - كۈنى **ئېتىقاد ۋە تۇرمۇش**

ھەممە ئادەم ئۆلىدۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھاياتىدا ئېرىشكەن ئەقىل - پاراستى ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى بىلەن يوقىلىپ كەتمەيدۇ . ئىنسانىيەت بارلىق ئەقىللەرنى ساقلاپ قالىدۇ ، بۈگۈنكى كۈندە ياشاۋاتقان كىشىلەر ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئەقىل - پاراستىدىن پايدىلىنىدۇ . ئىنسانىيەتنىڭ مەرىپەتى ماڭا قەدىمكى زاماندا سېلىنغان پىرامىدانى ئېسىمگە سالىدۇ . ھايات ياشاۋاتقان ھەربىر ئادەم ئىنسانىيەت مەرىپەتىنىڭ پىرامىداسىغا بىر خىش قويىدۇ .

بىز بۇ دۇنياغا كەلگەن ۋاقىتلىق مېھمان ، تەربىيە ئالغاندىن كېيىن ، بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ ، ئوخشاشمىغان جايلارغا چاقىرىلىپ كېتىمىز . ھالبۇكى ، ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي مەرىپەتى يەنىلا داۋاملىشىدۇ . گەرچە قەدىمى ئاستا بولسىمۇ ، لېكىن زادىلا توختاپ قالمايدۇ .

— مادزىنى

ئەگەر بەزىلەر ئېتىقاد تاشقى دۇنيانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ ، دەپ قارىسا ، ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە ئۆزگەرمەيدىغان بولسا ، ئۇنداقتا ئۇ قاتتىق يېڭىلىشقان بولىدۇ . ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇش ۋاقتى قانچە ئۇزارغانسېرى ، ئېتىقادى شۇنچە مۇستەھكەملىنىشىپ بارىدۇ . ئېتىقادىمىزنىڭ تېخىمۇ ئاددىيلىشىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشىگە ئەگىشىپ ، تۇرمۇشىمىزمۇ شۇنچە گۈزەللىشىدۇ .

ئەگەر سىز ھەرقانداق ۋاقىتتا ئېتىقاد ھامان ئوخشاش بولىدۇ ، ئۆزگەرمەيدۇ دەپ قارىسىڭىز ، ئۇنداقتا سىز تېخى باللىق چاغلىرىڭىزدا مومىڭىز ئېيتىپ بەرگەن چۆچەك ، ھېكايىلەرنى راست دەپ قارايسىز ، ئۆمۈر بويى ئۇلارغا ئىشىنىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ .

**بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدا يۈز بېرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئۆزگىرىش ئۇنىڭ ئېتىقادىنىڭ ئۆزگىرىشىدۇر .**

## 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى **شەيئىنىڭ يادروسىنى تۇتۇۋېلىڭ**

ئۇمىدسىزلەنمەڭ ، ئەگەر سىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئۇمىد قىلغان ئىشلىرىڭىزدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدىغانلىقىڭىزنى بايقىسىڭىز ، روھىڭىزنى چۈشۈرمەڭ . ئەگەر يىقىلىپ كەتسىڭىز ، ئامال قىلىپ ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ ، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىڭىزدىكى قىيىنچىلىقنى ئامال قىلىپ يېڭىڭ . شەيئىنىڭ يادروسىنى تۇتۇڭ ، ماھىيىتىنى ئاڭقىرىڭ .

— ماركۇس ئاۋرېلىيو

ھەققانىيەت ئىشلىرى ئۇچۇن ھېچنېمىدىن قورقماي ، خۇشاللىق بىلەن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلىدىغانلار باشقىلارنى قورقۇتىدىغان ھەم باشقىلارنىڭ تەقدىرىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرىدىغان كىشىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ قۇدرەتلىك بولىدۇ .

www.uyghurkitap.com

قىلىشىم زۆرۈر دەپ قارىغان ئىشلارنى قىلىڭ، يەنە كېلىپ ھېچقانداق جاۋاب كۈتمەڭ. شۇنىسى ھەر ۋاقىت سەمىڭىزدە بولسۇنكى، ئەخمەقلەر ئاقىلانە ئۇسۇللارغا ھامان ناچار باھا بېرىدۇ.

**مۇنەۋۋەر كىشىلەرنى كەمسىتىلگەن كىشىلەر ئارىسىدىن ئىزدەڭ.**

## 3 – ئاينىڭ 28 – كۈنى **باشقىلارنى ئەينەك قىلىڭ**

ئەقىل مەنىۋى مېھنەت شاراپىتىدە ئۆزىڭىزنىڭ خاس ئىچكى پىكىر تەلقىنلىرىڭىزدىن تۇغۇلىدۇ؛ سىز باشقىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغان ۋە روھىيىتىڭىزنى چېنىقتۇرغان چاغلاردىمۇ ئەقىلگە ئىگە بولالايسىز.

باشقىلارنىڭ پارىڭىغا پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن قۇلاق سېلىڭ، كۆپ سۆزلىمەڭ. باشقىلار سىزدىن سوئال سورىغان چاغدا، قىسقا، ئىخچام جاۋاب بېرىڭ. بەزىدە باشقىلارنىڭ سوئالىغا قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قېلىشىڭىز مۇمكىن، ئۇنداق چاغلاردا سوراشتىن خىجىل بولماڭ، باشقىلاردىن تىرىشىپ جاۋاب تېپىڭ. باشقىلار بىلەن ئۈستۈن - تۆۋەنلىك تالىشىپلا مۇنازىرىلەشمەڭ، ئۆزىڭىزنى ئاتتۇرماڭ.

— «ئىسلام ئەقلىيەلىرى»دىن

باشقىلارنى ئەينەك قىلىپ، پايدا - زىياننى ئېنىق دەڭسەڭ.

**— جۇڭگو ھېكمىتى**

ئوقۇتقۇچىمدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدىم، دوستلىرىمدىنمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدىم، ھالبۇكى شاگىرتلى-

رىمدىن بولسا تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدىم .

ئەگەر بىر ئەۋلىيانى ئۇچراتسىڭىز ، قانداق قىلسام ئاشۇنىڭغا ئوخشاش ئادەم بولۇرمەن دەپ ، ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىڭ . ئەگەر بىر شاللاق ئادەمنى ئۇچراتسىڭىز ، مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىمۇ ئاشۇنداق ئىللەتلەر بارمىدۇ ، دەپ ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىڭ .

— **«جۇڭگو ئەقلىيەلىرى» دىن**

ھەقىقىي مۇھەببەت ئېغىزدا ئەمەس ، بەلكى ھەرىكەتتە ئىپادىلىنىدۇ . ھالبۇكى مۇھەببەت بولغاندىلا ئاندىن سىزگە ھەقىقىي ئەقىل بەخش ئەتكىلى بولىدۇ .

**باشقىلار بىلەن ئۇچراشقان چېغىڭىزدا ، تەنھا ئويلىنىشلار ئارقىلىق ھېس قىلغان قائىدىلەرنى ئۇنتۇماڭ ؛ سىز ئۆزىڭىز چوڭقۇر پىكىرلەر قايىنىمىغا چۆككەن چېغىڭىزدا ، باشقىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش جەريانىدا چۈشكەن قائىدىلەرنى ئويلاپ بېقىڭ .**

## 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى **ئۆزىڭىزنى يېڭىڭ**

ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى يېڭىش ئىستىكىدە قىلغان ئارزۇلىرىڭىزنىڭ ئاقىۋەتتە ئۆزىڭىزنى يېڭىپ قويۇۋاتقانلىقىنى بايقىسىڭىز ، سىز ھەرگىزمۇ ئۇلارنى يېڭىشكە مەڭگۈ ئامالسىزمەن دەپ يېڭىلشىپ قالماڭ . سىز پەقەت مۇشۇ بىر قېتىملا يېڭىلگەنلىكىڭىزنى ئىسپاتلايسىز . بىر ياخشى چەۋەنداز بىر ياخشى چۇلۇۋۇرنى ئۇچراتسا ، ئات دەرھال توختىمىغان چاغدا ، ئۇ چۇلۇۋۇرنى ئەسلا تاشلىۋەتمەيدۇ ، بەلكى چۇلۇۋۇرنى داۋاملىق تارتىپ ئاتنى ئاخىر توختىتىدۇ . شۇڭا ، ئەگەر سىز بىرىنچى قېتىم ۋەسۋەسىلەرنىڭ ئېزىقتۇرۇشىنى يېڭەلمىسىڭىز ، ئۇنى داۋاملىق توسۇش ئۈچۈن تاكى ۋەسۋەسىلەرنى يېڭىپ ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەنگە قەدەر تىرىشىڭ .

www.uyghurkitap.com

تالايلىغان ئۇرۇشلاردا نەچچەمىڭلىغان كىشىلەر ئۈستىدىن قازانغان غەلىبە بىلەن سېلىشتۇرغاندا ، سىزنىڭ ئۆزىڭىز ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىڭىز تېخىمۇ بۈيۈك ، تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك . باشقىلارنى يېڭىش ئارقىلىق غەلىبە قازانغان كىشىلەر كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشلاردا مەغلۇپ بولۇشى مۇمكىن . بىراق ئۆزىنى يېڭىپ غەلىبە قازانغان كىشىلەر بولسا ئەبەدىلئەبەد غالىبلاردىن بولۇپ قالىدۇ .

— «بۇددا ئەقلىيەلىرى»دىن

بىر ئادەمنىڭ ئىچكى ئارزۇسى خۇددى ئۆمۈچۈك تورىغا ئوخشىشىدۇ . دەسلەپتە ، ئۇ بىر يوچۇن مېھمان ، كېيىن ئۇ دائىملىق مېھمانغا ئايلىنىدۇ ، ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشىغا ئەگىشىپ ئۇ بۇ ئۆينىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىدۇ .

— «تالمۇد» تىن

ئۆزىنى يەڭگەن ئادەم ھەقىقىي قۇدرەتلىكتۇر .

— شەرق پاراسىتىدىن

نەپسىگۇرلۇكنى ، ھورۇنلۇقنى ، شەھۋەتپەرەسلىكنى ۋە غەزەپنى تىرىشىپ يېڭىڭلار .

3 — ئاينىڭ 30 — كۈنى **ئەپۇچانلىقنى ئۆگىنىۋېلىڭ**

ھەقىقەت ئادەمنى خۇشاللىق ھېس قىلدۇرۇپلا قالماستىن ، بەلكى بىر خىل كۈچ — قۇدرەت سۈپىتىدە ، ھەيۋەتلىك قۇدرەتلىك قورالLاردىنمۇ بەك كىشىلەر تەرىپىدىن پايدىلىنىلىدۇ .

پېتىر ھەزرىتى ئەيسانىڭ ئالدىغا كېلىپ سەممىيلىك بىلەن : «ئىھ رەببىم ، قېرىنداشلىرىم ماڭا نەچچە قېتىملاپ دەخلى- تەرۇز قىلغاندىن كېيىن ، مەن ئاندىن ئۇلارنى كەچۈرمەيدىغان بولدۇم ، يەتتە قېتىمغۇ دەيمەن» دەپتۇ .

— سەن ئۇلارنى داۋاملىق كەچۈرگىن ، — دەپتۇ ھەزرىتى

ئەيسا .

— «ئىنجىل مەتتا»دىن

ئەگەر ئاڭلىغۇچىلارغا بەزىبىر ھەقىقەتنى شەرھلىمەكچى بولسىڭىز ، مەيلى قانداق ئەھۋالغا يولۇقۇڭ ، ھەرگىز پەرىشان بولماڭ ، دوستانىلىككە يات گەپ - سۆزلەرنى قىلماڭ ، يامان گەپ-سۆزلەر بىلەن باشقىلارغا ئازار بەرمەڭ .

— ئېپىكتېت

ئەگەر باشقىلارنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى بايقىسىڭىز ، كەمتەرلىك بىلەن خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بېرىڭ ، ئەگەر گېپىڭىزنى ئىلىك ئالمىسا ، ئۇنداقتا ئۆزىڭىزنىلا ئەيىبلەڭ ، سىز ھەتتا تېخىمۇ ياخشى ئۇسۇل بىلەن ئىش كۆرۈشىڭىز مۇمكىن ، ئۇ بولسىمۇ ھېچكىمنىمۇ ئەيىبلىمەسلىك ، داۋاملىق كەمتەرانە ئىش قىلىش ئادىتىنى ساقلاڭ .

— ماركۇس ئاۋرېلىۇ

**ئەگەر سىز باشقىلار بىلەن ئوخشاشمايدىغان يولغا ماڭسىڭىز ، يەنە كېلىپ ئۇ سىزدىن رازى بولمىسا ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا ، ئۇ سىزنىڭ پىكرىڭىزگە دېگەندەك قوشۇلۇپ كەتمىسە ، ئۇنداقتا ئۇ ئەيىبلەنمەسلىكى كېرەك . بەلكىم ئەيىبلىنىدىغىنى ئۆزىڭىزدۇرسىز ، چۈنكى سىزنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ياخشىلىقىڭىز يېتەرلىك بولمىغان .**

## 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئۆزىڭىزنى ئەيىبلەشنى بىلىڭ

توۋا قىلغانلىقىڭىز ئۆز خاتالىقىڭىز بىلەن كەمچىلىكىڭىزنى كۆپچىلىككە ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلغانلىقىڭىزنىڭ ئىپادىسى .

توۋا قىلماسلىق ئۆز خاتالىقلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى باتۇرلۇق

بىلەن ئۈستىگە ئالماسلىقتىن دېرەك بېرىدۇ، ئۆز روھىنى پاكلاشقا جۈرئەت قىلىش، ياخشى شەيئىلەرنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەگەر ئاق كۆڭۈل بىر ئادەم ئۆز خاتالىقىنى قوبۇل قىلماي، كۈچىنىڭ بارىچە ئۆزىنى ئاقلاشقا بېرىلىپ كەتسە، ئۇ ئاق كۆڭۈللۈككە يات بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

سىز دە تەنقىدلىنىشكە ھەم يۈكسەلدۈرۈشكە تېگىشلىك ناچار سۈپەتلەر بارمۇ؟ بار بولسا سەممىيلىك بىلەن ئېتىراپ قىلىشىڭىز كېرەك ھەمدە ئۇلارنى ئۆزىڭىزگە تايىنىپ رەتكە سېلىپ چىقىشىڭىز كېرەك.

ئۆزىنى ئەيىبلەشنى بىلىشتىنمۇ بەك ئادەمنى كىشىلەرگە يېقىنلاشتۇرىدىغان نەرسە يوق، ئۆزىنىڭكىنى توغرا قىلىشنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇشتىنمۇ بەك ئادەمنى كىشىلەردىن چەتلەشتۈرىدىغان نەرسە يوق.

— «تالمۇد»تىن

بەزىلەر بۈگۈنكى ياخشىلىقلىرى بىلەن ئۆتمۈشتىكى جىنايەتلىرىنى يېپىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ماڭا قارا بۇلۇتلار بىلەن قاپلانغان كېچىدە زۇلمەتنى يورۇتۇپ قورغان ئاي نۇرىنى ئەسلىتىدۇ.

— «بۇددا ئەقلىيەلىرى»دىن

چەكلىمىسى يوق مۇشۇنداق بىر دۇنيادا، ئادەم ئۆزى سادىر قىلغان خاتالىقلارنى ھەمدە ئۆز ۋۇجۇدىدىكى نۇقسانلارنى ھېس قىلىپ تۇرىدۇ.

## 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خاتا بىلىملەردىن ھەزەر ئەيلەڭ

ئىلىم ـ پەن سانسىز تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ . ھالبۇكى ، ھەربىر تۈرلۈك ئىلىمدىن ئالىدىغان بىلىملەرنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق . بىراق ، ئەڭ ھالقىلىقى ، بىز نېمىنىڭ ئىگىلىمىسە بولمايدىغان ، نېمىنىڭ ئىگىلىمىسىمۇ بولىدىغان بىلىم ئىكەنلىكىنى ئايرىۋېلىشىمىز كېرەك .

نۆۋەتتە ، ناھايىتى زور مىقداردا بىلىم جۇغلانمىسى بار . بۇ بىلىملەرنى ئۆگىنىپ بولۇشقا ئىقتىدارىمىز زىيادە ئاجىزلىق قىلىدۇ . ھاياتىمىزمۇ تولىمۇ قىسقا ، بىز پايدىلانساق بولىدىغان ناھايىتى كۆپ بىلىم بايلىقىمىز بار . لېكىن بىز ئۇلارنى تەتقىق قىلىپ كۆرگەندىن كېيىن ئۇلارنى ئىشلەتمەي بېسىپ قويىدۇق . شۇڭا ، بىز ئەڭ ياخشىسى بۇ مەجبۇرىيەت (يۈك ) نى كۆتۈرۈپ يۈرۈۋەرمەسلىكىمىز كېرەك . بولمىسىمۇ بولىدىغان ، ئەمەلىيەتتە بىز ئېھتىياجلىق بولمىغان بۇنداق بىلىملەرنى ئىگىلىمەسلىكىمىز كېرەك .

— ئىمانۇئېل كانت

زىيادە ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئوقۇش ، بولۇپمۇ ناھايىتى گۆدەك چاغدىلا ئوقۇش مېڭىمىزنى ھەزىم بولمىغان ماتېرىياللار بىلەن توشقۇزۇۋېتىدۇ . خاتىرىمىز بىزنىڭ ھېسسىياتىمىز ۋە تەقدىرىمىزنىڭ خوجايىنى بولۇۋالىدۇ . ھالبۇكى ، ئۇ راستىنىلا شۇنداق بولىدىغان بولسا ، بىز ئەقلىمىز ۋە ئەڭ ئىپتىدائىي ساددىلىقىمىز بىلەن ھېسسىياتىمىزنى كونترول قىلىشىمىز كېرەك . شەيئىلەرنى مۇستەقىل چۈشىنىشىمىز — شۇنداق دېيىشكە رازىمەنكى ، مۇس-

تەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈشىمىزگە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ، دۆۋە - دۆۋە ، چاڭ - توزانلار بېسىپ كەتكەن سىرتقى ئىدىيەلەر ۋە نۇقتىئىنەزەرلەر ئىچىدە ئۆزىمىزنى تېپىشىمىز كېرەك .

— گېئورگى لىختېنبېرگېر

بىلىم چەكسىز . شۇڭا بىلىمى كۆپلەر بىلەن بىلىمى ئازلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ .

**خاتا بىلىملەردىن ھەزەر ئەيلەڭ ، چۈنكى بارلىق گۇناھ ۋە جىنايەتلەر مۇشۇنىڭدىن تۇغۇلىدۇ .**

## 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى **قىلىۋاتقان ئىشىڭىزغا زېھنىڭىزنى يىغىڭ**

— ھەقىقىي ياخشى ئىش تىرىشچانلىق ئارقىلىقلا تاماملىنىدۇ .

ئادەت ئەسلىدىنلا ياخشى نەرسە ئەمەس ، ھەتتا ياخشى ئادەتمۇ شۇنداق . ياخشى ئىش قىلىش ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان ھامان ئۇ ياخشى ئىش ھېسابلانمايدۇ .

— ئېممانۇئېل كانت

زىمىڭىزدە ئېغىر يۈك بولسا ، بىر ياخشى ئىش دەپ بىلىڭ . سىز بۇ يۈكتىن تولۇق پايدىلىنىشىڭىز كېرەك ، ئۇنىڭدىن مەنىۋى مەئىشەتلىرىڭىزگە كېرەكلىك بولغان بارلىق نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىۋالالايسىز ، خۇددى ئاشقازىنىڭىز بارلىق يېمەكلىكلەردىن بول-جۇڭلارغا ئېھتىياجلىق بارلىق ئوزۇقلارنى سۈمۈرۈۋالغانغا ئوخشاش ياكى ئۇلۇغ ئوت ئوتتۇن سالغاندىن كېيىن تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كەتكەنگە ئوخشاش .

— ماركۇس ئاۋرېلىۋ

زېھنىڭىزنى قىلىۋاتقان ئىشىڭىزغا قارىتىڭ، كۆڭۈل بۆلۈ-
شىڭىزگە ئەرزىمەيدىغان ھەرقانداق ئىشقا پىكىر يۈرگۈزمەڭ .
— كۇڭزى

**مەنىۋى پائالىيەتلەر تۇرمۇشنى چۈشىنىشتىن تۇغۇل-
دىغان خۇشاللىقلار بىلەن قوشكېزەك، ئۇلار خۇددى جىس-
مانىي تىرىشچانلىق بىلەن ئارام بىر - بىرىگە تايانغانغا
ئوخشاش، جىسمانىي تىرىشچانلىق بولمىسا، ئارام شادلى-
قى تۇغۇلمايدۇ . مەنىۋى پائالىيەتلەر بولمىسا، تۇرمۇش-
نىڭ لەززىتىدىن ھوزۇرلانغىلى بولمايدۇ .**

## 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ھەممە شەيئىنىڭ باش - ئاخىرى بولىدۇ

مەن ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، پەقەت ئىككى خىل نەتىجىلا
كېلىپ چىقىدۇ : يا مەن ئۆزۈمنىڭ يەنە بىر ئادەمگە ئايلىنىش
ئۈمىدىمنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن، يا يەككە - يېگانە بىر ئادەم بولماي-
مەن، بەلكى خۇدانىڭ ۋىسالىغا يېتىمەن، بۇ ئىككى خىل نەتىجە-
نىڭ ھەر ئىككىلىسىلا ئىنتايىن گۈزەل .

ئۆلۈم بۇ دۇنيانى چۈشەنگەن تېنىمنى گۇمران قىلىدۇ، خۇد-
دى مەن بىلەن دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى ئاشۇ ئەينەكنى چېقىۋەتكەن-
دەك . بىز ئاشۇ ئەينەكنىڭ ئورنىغا يەنە بىر ئەينەكنى دەسسەتكىلى
بولامدۇ، يوق، بىلمەيمىز؛ دېرىزىدىن سىرتقا باققان ئاشۇ روھنىڭ
دۇنيا بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ كەتكەن كەتمىگەنلىكىنى بىلمەي-
مىز . بىز نەتىجىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىشكە ئامالسىز-
مىز .

بۇ دۇنيادا ھەرقانداق ۋاقىتنىڭ ئۆزىنىلوقى چەكلىك بولىدۇ .
خۇددى مېۋە بىلەن كۆكتات بىر يىل ئىچىدە ھەرقايسى پەسىللەر-

نىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانغا ئوخشاش، بارچە جان ــ جانىۋارلار دۇنيادىن كېتىشتىن بۇرۇن بىر يېڭى باشلىنىشنى ــ ماماتلىق ۋە ھاياتلىقنىڭ جەريانىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئەقىللىق ئادەم بۇ قانۇنىيەتكە ئۆزلۈكىدىن بويسۇنىدۇ.

— سىتسىرو

بىزنىڭ خۇداغا بولغان چۈشىنىشىمىز بىزنى مۇنداق بىر يەكۈنگە كەلتۈرىدۇ: ئۇنىڭ بىز ئۈچۈن قىلغان بارچە ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن گۈزەل.

— رالف ۋالدۇ ئېمېرسون

**سىز تۇرمۇشتا ئۆلۈمدىن قورقماڭ، ئۆلۈمنىمۇ ئارزۇ قىلماڭ.**

## 4 ــ ئاينىڭ 4 ــ كۈنى **تۇرمۇشتىكى خۇشاللىقلار**

سىز تۇرمۇشتىن چەكسىز ھۇزۇر ھېس قىلالايسىز ھەم ھېس قىلىشىڭىز كېرەك.

بۇ دۇنيادا، تۇرمۇش كۆز ياش بىلەن تولغان بىر جىلغا ئەمەس، شۇنداقلا بىر سىناقمۇ ئەمەس، ئۇ بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىن ھالقىپ كەتكەن. بىز پەقەت تۇرمۇشقا چىن قەلبىمىز بىلەن يۈزلەنسەكلا، تۇرمۇش بىزگە چەكسىز ھۇزۇر بەخش ئېتىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ باشقىلارغا بولغان دۈشمەنلىشىش پوزىتسىيەسى تۇرمۇشنى بەختسىزلىككە گىرىپتار قىلىدۇ. مەيلى ئۇ ئادەم ئۈچۈن بولسۇن، ياكى ئەتراپىدىكى باشقا ئادەملەر ئۈچۈن بولسۇن، دوستانە كەيپىيات ۋە رەھىمدىل پوزىتسىيە تۇرمۇش چاقىنى سىلىقلىغانغا ئوخشاش، ئۇلارنى يەڭگىل ئايلاندۇرىدىغان سىلىقلاش مېيىدۇر.

تۇرمۇشىڭىزنى ئىرىشىپ ئۆتكۈزۈڭ ھەممە تەقدىرىڭىز ئۈچۈن خۇشال بولۇڭ، مېھىر - مۇھەببەت ۋە ياخشىلىق بىلەن ئىچكى خاتىرجەملىككە ئېرىشىڭ.

— ماركۇس ئاۋرېلىيۇ

بەختىڭىز سىرىنى سورامسىز؟ ئۇ ئۇنداقتا كىچىككىنە ھۇزۇر - ھالاۋەتتىن باشلاڭ.

— ساموئېل سمىلېس

ھەممىلا يەردە خۇشاللىق ئىزدەپ يۈرمەڭ، لېكىن خۇشاللىقنى تېپىشقا ھەرۋاقىت تەق تۇرۇڭ.

— جون رۇسكىن

**تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقىغا ئېرىشمەن دەيدىكەنسىز، ئەڭ ياخشى ئۇسۇل: ئادەمنىڭ خۇشاللىق ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىغا ئىشىنىڭ. ناۋادا تۇرمۇشتىن خۇشاللىق تاپالمىسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ نېمىنى خاتا قىلغانلىقىنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك.**

**ھەقىقىي ئاقىل مەڭگۈ خۇشال يۈرىدۇ.**

## 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى **ھېسداشلىق تەلەپ قىلماڭ**

تۇرمۇش ۋە خىزمەتتە، جىنايەت سادىر قىلماسلىق، زوراۋانلىق قىلىدىغان ۋە زوراۋانلىققا چېتىلىپ قالىدىغان كىشىلەرگە ھەم زوراۋانلارغا ئېگىلمەسلىك ۋە ياخشىچاق بولماسلىق ئىنتايىن قىيىن بىر ئىش.

تۇرمۇشتا چىرىكلەشكەندىن ۋە بايلارغا يېلىنىپ ياشىغاندىن كۆرە، ئۆزىنىڭ نامرات كۈنىنى ئۆتكۈزگەن تۈزۈك. ئەگەر يۈز-ئابرۇيلۇقراق تۇرمۇش كەچۈرىمەن دەيدىكەنسىز، بايلارنىڭ ئىشىكىدە يېلىنىپ يۈرمەڭ.

نامرات ياشىسىڭىز ياشاڭكى، چىرىكلەشمەڭ ۋە بايلارغا يېتىلمەڭ. ئەگەر ھەقىقىي ياشىماقچى بولسىڭىز، بايلارنىڭ ئىشىكىدە تىلەپ يۈرمەڭ.

— ھىندى ماقالى

پادىشاھ ھەدىيە قىلغان كىيىم بەلكىم ئىنتايىن گۈزەلدۇر، لېكىن ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ ئۆزۈڭنىڭ جەندەڭدىن ئېسىل ئەمەس؛ بايلارنىڭ داستىخىنىدىكى نازۇنېمەتلەر بەلكىم بەك يېيىشلىكتۇر، لېكىن ھەرقانچە يېيىشلىك بولسىمۇ ئۆز داستىخىنىڭدىكى بىر بۇردا نېنىڭچىلىك ئەمەس.

— ئىسلام ھېكمىتى

تۇپراق ئېتىزلىقتا ئىشلىمەيدىغان كىشىلەرگە مۇنداق دەپتۇ: ئەگەر سەن ماڭا ياخشى مۇئامىلە قىلمىساڭ، مېنىڭ يېرىمدە ئىككى قولۇڭ بىلەن مېھنەت قىلمىساڭ، ئۇنداقتا سەن باشقىلارنىڭ ئىشىكىدە يېلىنىپ-يالۋۇرىسەن، جەزمەن بايلارنىڭ داستىخىنىدىن ئاشقان-تاشقان كۆن بىلەن ئۆتكۈزىسەن.

— ئارزورو ئاستېر

شۇنى جەزمەن بايقايسەنكى، خىزمەت قىلىشنى خالىمايدىغانلار يا باشقىلاردىن پايدىلىنىدۇ، يا باشقىلارنىڭ ھاقارىتىگە ئۇچرايدۇ.

4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى روھىڭىزنى پاكلاڭ

كىشىلەر ھەمىشە ئۆزلىرى مۇھىم دەپ بىلگەن ھەددى-ھېسابسىز ئىشلار ئىچىدە ئالدىراپ يۈرىدۇ-يۇ، ئەڭ مۇھىم، ئەڭ زۆرۈر بىر ئىشنى، يەنى روھىنى پاكلاشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. مۇشۇ ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغان بىرمۇ ئىش يوق.

ئەڭ زور بەخت : يىل ئاخىرىدا ئۆزىڭىزنى يىلنىڭ بېشىدىكىدىن كۆپ ياخشى ھېس قىلىش .

— ھېنرى داۋىد زورو

ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتمەكچى بولىدىكەنسىز ، بىزگە نۇرغۇن تەلەپ قويىدىغان «مۇكەممەللىك» دېگەن بۇ نىشانغا قاراپ يۈرۈش قىلىڭ . بىز ئوڭچە بولۇشىمىدىز ، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى ئويلىنىپ يۈرمەسلىكىمىز كېرەك . ھالبۇكى ، دائىم ئوڭچە يۈرۈش ئۆزىنى ئۆزگەرتىشنى ئەھمىيەتسىز ھەم مۇمكىنسىز بىر ئىشقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ .

**مۇكەممەل بولماقچىمۇ ، بۇ سىزنىڭ ئىچىڭىزدىكى مۇقەددەس روھنى تىرىشىپ بايقىشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ .**

## 4 – ئاينىڭ 7 – كۈنى **يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇڭ**

يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش ئاسان ھەم ئاقىلانىلىك بولۇپ ، يامانلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرغانغا قارىغاندا ئەقىلگە تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ .

— «تالمۇد»دىن

بىر جايغا بارغاندا ، ناسانىل دېگەن جايغا بارغاندا ، ئەيسا كرېستقا مىخلىنىدۇ . يەنە ئىككىيلەنمۇ كرېستقا مىخلىنىدۇ ، بىرى ئوڭ تەرەپتە ، يەنە بىرى سول تەرەپتە . شۇ ۋاقىتتا ئەيسا : «رەببىم ، ئۇلارنى كەچۈرگىن ! چۈنكى ئۇلار ئۆز قىلمىشىنى ئۇقمايدۇ» دەيدۇ .

— «ئىنجىل»دىن

كەمتەرلىك بىلەن ئەسەبىيلىكنى يېڭىڭ، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن رەزىللىكنى يېڭىڭ، مەردانىلىك بىلەن ئاچ كۆزلۈكنى يېڭىڭ، ھەققانىيەت بىلەن يالغانچىلىقنى يېڭىڭ.

**— بۇددا ئۆزۈندىلىرى «بۇددا شەرئىيتى»دىن**

ئەگەر قوشنىلارغا قوشنىلارنىڭ كۈتكىنىدەك مۇئامىلە قىلغانغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلسا، قوشنىلار تېخىمۇ ئوسالىلىشىپ كېتىدۇ؛ ئەگەر بىز قوشنىلارغا ئۇلاردىن ئارزۇ قىلغىنىمىز بويىچە مۇئامىلە قىلساق، بىز ئۇلارنى تېخىمۇ ياخشىلىيالايمىز.

**— جون ۋولفانگ ۋون گيوتى**

**ئۇمۇمەن يامانلىققا ياخشىلىق قىلىشتىن خۇشال بولىدىغان ئادەم بۇنداق خۇشاللىقتىن كۈچىنىڭ بارىچە يەنە بەھرىمەن بولىدۇ.**

## 4 – ئاينىڭ 8 – كۈنى **قاتىللىق بىر خىل جىنايەت**

باشقا بىر مىللەتكە قارىتا قوزغالغان ئۇرۇش مۇقەددەس بولالىشى مۇمكىن، زېمىنىنىڭ قىزىل قانغا موھتاج بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. زېمىن كۆكلەرنىڭ ئۆزىگە زىلال سۇ بەخش ئېتىشىگە موھتاج، رەڭدار بۇلۇتلارنىڭ ئابىزەمزەم بولۇپ چۈشۈشىگە موھتاجكى، ھەرگىزمۇ قىزىل قانغا موھتاج ئەمەس.

ئۇرۇشمۇ جەڭگە قاتناشقان ئاشۇ ئادەملەرگە ئوخشاش خۇدانىڭ لەنىتىدىن كەلگەن.

**— ئالفرېد دې ۋىنى**

قانۇنسىز ئادەم ۋە ھادىسىلەر كۆپىيىپ كەتكۈچكە، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مۇھەببەتلىك قەلبى سوۋۇپ كەتكەن.

گۇناھىڭلار سىلەر بىلەن خۇدانى ئايرىۋەتكەن ، جىنايىتىڭلار ئۇنى گېپىڭلارغا قۇلاق سالمايدىغان قىلىپ قويغان . چۈنكى قولۇڭ-لار قانلار بىلەن بويالغان ، بارماقلىرىڭلار گۇناھلاردا بۇلغانغان ؛ لەۋلىرىڭلاردىن يالغانلار تۆكۈلىدۇ ، تىللىرىڭلاردىن قەبىھ سۆزلەر چىقىدۇ .

— «ئىنجىل ئىشتىيا»دىن

**قاتىللىق بىر خىل جىنايەتتۇر ، ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم-نىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، مەيلى بۇ خىل قاتىل-لىق قانداق ئاقلىنىشىدىن قەتئىينەزەر .**

4 — ئاينىڭ 9 — كۈنى **ئاق كۆڭۈللۈك ۋە ئەبەدىيلىك**

ئاق كۆڭۈللۈكنى ياقتۇرۇش بىلەن ئەبەدىيلىككە ئىشىنىش زىچ مۇناسىۋەتلىك .

ئاخىرەتنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەن دەيدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك . بىزنىڭ ئېتىقادىمىز مەنتىقىيلىق دەلىللەرنى ئەمەس ، بەلكى ئەخلاقىي دەلىللەرنى ئاساس قىلىدۇ . شۇڭا مەن خۇدانى مەۋجۇت دېيەلمەيمەن . شۇ سەۋەبتىن ئۆزۈمنى ئەبەدىيلىك دېيەل-مەيمەن . لېكىن خۇدانى مەۋجۇت دېيىش بىلەن «ئۆزلۈكۈم»نى ئەبەدىيلىككە ئىگە قىلىمەن . دېمەك ، مېنىڭ خۇداغا بولغان ئېتىقا-دىم بىلەن ماھىيىتىم شۇ قەدەر زىچ مۇناسىۋەتلىككى ، ھەتتاكى بۇنداق ئېتىقادنى مەندىن جۇدا قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس .
— ئىمانۇئېل كانت

مەخلۇقاتلارنىڭ مەنبەسىنى تاپقىلى بولمىدى ، گۇگۇم پەردى-سى ئۇ يەردىن چېكىنىدى ، قاراڭغۇلۇق يېپىلدى ؛ دەل مۇشۇ چاغ-دا ، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەبەدىيلىك باقىيلىقىمىزنى ھېس قىلىپ قالدۇق .

— ھەزرىتى مارتىن

www.uyghurkitap.com

بىز بۇ دۇنيادا ياشايمىز ، خۇددى كىچىك بالا ھەكىم سۆزلە-
ۋاتقان بىر ئۆيگە كىرىپ قالغاندەك . بالا سۆزنىڭ باش قىسمىنى
ئاڭلىمىدى ، يەنە كېلىپ گەپ ئاخىرلىشاي دېگەندە ئۇ ئۆيدىن
ئايرىلدى ؛ بەزى گەپلەرنىلا ئاڭلىدى . لېكىن مەنىسىنىڭ نېمىلى-
كىنى چۈشەنمىدى . شۇنىڭغا ئوخشاش ، بىز تېخى ئۆگىنىشكە كى-
رىشمەستىلا ، خۇدا تالاي ئەسىر ئىلگىرىلا ئاجايىپ نۇتقىنى باشلى-
ۋەتكەنىدى . يەنە كېلىپ بىز تۇپراققا ئايلىنىپ نۇرغۇن ئەسىر
ئۆتكەندىن كېيىن ، بۇ نۇتۇق يەنىلا داۋاملىشىۋاتاتتى . بىز پەقەت
ئۇنىڭ ئاز بىر قىسىم مەزمۇنىنىلا ئاڭلىدۇق ، ھالبۇكى بۇ مەزمۇن-
لارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى . گەرچە
شۇنداق بولسىمۇ ، بىز بەزى زور مەسىلىلەرنى ئاندا - ساندا چۈشى-
نىپ قالدۇق .

> ئەگەر سىز رەھىمدىللىكنى راستتىنلا ياخشى كۆرسى-
> ڭىز ، ئۆزىڭىزنىڭ مەڭگۈلۈكلىكىڭىزدىن گۇمانلانماڭ .

4 – ئاينىڭ 10 – كۈنى **ھەقىقىي ئىلىم**

كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى مۇقەددەس روھ بارغانسېرى ئەركىن
بولماقتا ، بۇ بىزنىڭ ھازىرقى دۇنيا تەرتىپىمىزدە ئۆزگىرىش پەيدا
قىلىدۇ .

ھەقىقىي ئىلىم - پەن بىزگە دىنىي ئېتىقادنى رېئال تۇرمۇشقا
قانداق تەتبىقلاشنى ئېيتىپ بەرسە ، سەنئەت ئۇنى ھېسسىياتىمىزغا
قانداق تەتبىقلاشنى ئۆگىتىدۇ .

نىشان يىراق بولغانسېرى ، بىز ئۇنىڭغا قاراپ شۇنچە تېز
سۈرئەت بىلەن ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك .
— مادزىنى

بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىلاھىيلىقىنى قانچىكى ئېنىق چۈ-
شەنگەنسېرى، ئۇنىڭ قانۇنىيىتى ھەرىكىتىمىزدە شۇنچە
گەۋدىلىنىدۇ.

4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى **يامانلىقتىن يىراق تۇرۇڭ**

ھەرقانداق شەيئىنىڭ مەنىۋى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى ماددىي دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىدىن كۆپ بولىدۇ. ھەرقانداق بىر يالغانچىلىق نۇرغۇن يالغانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ھەر-قانداق بىر رەھىمسىزلىك تېخىمۇ كۆپ رەھىمسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

كىشىلەر ھەمىشە ئۆز ۋىجدانىنىڭ پاكلىقىدىن ئىپتىخارلىق ھېس قىلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇلارنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى-نىڭ تولىمۇ يېتەرسىزلىكىدىن بولىدۇ.

— زانىگىندا لافۇزېسكى

سۇ بىر تامچە - بىر تامچىدىن تامچىلاپ قاچىنى تولدۇرىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ياخشى ئادەم بولۇشنى ئويلىغۇچىلار رەھىمدىل-لىك بىلەن بارا - بارا مەقسىتىگە يېتىدۇ.

— «بۇددا دىنى ئەقلىيەلىرى»دىن

نۇرغۇن يامان ئادەتلىرىمىز باشقا نۇرغۇن يامان ئادەتلەرنىڭ ھەمىدەمدە بولۇشى تۈپەيلىدىن مەۋجۇت بولىدۇ. شۇڭا بىز ئۆزىمىز-دىكى ئاساسلىق يامان ئادەتنى يوقاتساق، باشقا نۇرغۇن يامان ئادەت-لەر ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ. بەجايىكى سىز دەرەخنىڭ غولىنى ئۈزۈۋەتسىڭىز، شاخلىرى ئۆزلۈكىدىن چۈشكەنگە ئوخشاش.

— بلايىز پاسكال

رەزىل ئاشقى كۆرۈنۈشتىن پەخەس بولۇڭ. روھىڭىز-
نىڭ چوڭقۇرلۇقىدا ھەمىشە يامانلىقتىن قېچىڭ دەپ سە-

مىڭىزگە سىلىپ تۇرىدىغان بىر ئاۋاز بار. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىسىڭىز، خۇشال بولالمايسىز، خىجىل بولىسىز. بىراق، سىز بۇ ئاۋازغا ئىشىنىشىڭىز كېرەك، يامانلىقنى قاراپ تاشلىغان قەدىمىڭىزنى توختىتىڭ، ئۆزىڭىزنى تىرىشىپ ياخشىلاڭ، شۇنداق قىلسىڭىز يامانلىقتىن غەلىبە قىلالايسىز.

## 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئۆزلۈكىڭىزنى يۈكسەلدۈرۈڭ

ئادەمنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى مۇئەييەن دەرىجىگە يەتكەندە، ئۇ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى مەلۇم تەبىئەتتىن تاشقىرى نەرسىنى چۈشىنەلەيدۇ.

خۇدا بىز مەۋجۇت بولغاچقا مەۋجۇت بولىدۇ، سىز ئۇنى باشقا ھەرقانداق نام بىلەن ئاتاپ باقسىڭىز بولىدۇ، لېكىن شۇنىسى شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىزنى ياراتقان ئاشۇ ئەڭ ئالىي ھاياتلىق دەرۋەقە مەۋجۇت. سىز بۇ ھاياتلىق بۇلىقىنى خۇدا دەپ ئاتىسىڭىز بولىدۇ، باشقا ھەرقانداق ئىسمىنى ئاتا قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ـــ مادزىنى

خۇدا ئۆزىنى ئىزدىگەن ئاشۇ كىشىلەر ئۈچۈنلا مەۋجۇت بولىدۇ. ئۇنى ئىزدەڭلار، تاكى ئۇنى ئۆز ۋۇجۇدۇڭلاردىن بايقىغىچە ھەمدە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزۈڭلارنى بايقىغىچە ئىزدەڭلار.

خۇدانى ئىزدەش خۇددى سۇدا تور يايغانغا ئوخشايدۇ، تورنى كۆتۈرگەن ۋاقتىڭىزدا ئىنتايىن ئېغىر تۇيۇلىدۇ ھەمدە سۇ بىلەن تولغان بولىدۇ، ۋەھالەنكى تورنى سۇ يۈزىگە تارتىپ چىقارغىنىڭىزدا، ئۇنىڭدا ھېچنېمە بولمايدۇ. سىز ئەقلىڭىز ۋە ھەرىكىتىڭىز بىلەن خۇدانى ئىستىگەن ۋاقتىڭىزدا، خۇدا قەلبىڭىزدە ئول-

تۇرغان بولىدۇ، بىراق سىز خۇدانى تېپىۋالدىم دەپ ھۆكۈم قىلـ
غان ھەمدە توختاپ شۇكرى ـ قانائەت ھېس قىلغان ۋاقتىڭىزدا،
سىز خۇدادىن مەھرۇم بولۇپ قالىسىز.
— تېئودور ستروخوۋ

قىزىق ئىش، تولىمۇ ئاددىي بىر قائىدىنى چۈشىنىشكە ئامالـ
سىز قالدىم: بۇ دۇنيادا ھاياتىمىزدىن تاشقىرى كىشىلەر بىلىدىغان
بۇ دۇنيا يەنە ئېمىشقا مەۋجۇت بولىدىغاندۇ ھەمدە بىز بۇ دۇنيادا
نېمىشقا مەۋجۇت بولىدىغاندىمىز. ھاياتىمىز خۇددى قايناۋاتقان
سۇنىڭ كۆپۈكىگە ئوخشاش سۇنىڭ يۈزىگە چىقىپ، پارتلاپ، ئانـ
دىن غايىب بولىدىكەن.

بارلىق جانلىقلار بارچە ئـادەم، بارچـە مـەخلۇقات خـۇدانـى
ئۇن ـ تىۋىشسىز جىمجىت ئىزدەيدىغان بۇ دۇنيادا مەۋجۇت بولـ
دۇ، پەقەت دىنغا ئىشەنمەيدىغان ئاتېئىزمچىلارلا مەڭگۈلۈك سۈـ
كۈتنى كۆرىدۇ.
— ژان .ژاك .روسسو

**بىر ئادەم خۇدانى چۈشەنمىگەنلىكتىن، خۇدا مەۋجۇت ئەمەس دەيدىغان سەپسەتىنى چىقىرىشقا ھەقلىق ئەمەس.**

## 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى رەھىمدىللىك ۋە مېھىر ـ مۇھەببەت

ھاياتىمىزنىڭ مۇقەددەس مەنبەسىنى ھەم ئەقىل بىلەن، ھەم مۇھەببەت بىلەن چۈشىنىشىمىز لازىم.

تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنى ئورۇندىيالىغان ئادەم ئەقىللىق دەپ ئاتىلىشقا مۇناسىپتۇر: ئالدى بىلەن، ئۇ باشقىلارنى قىلىشقا دەۋەت

www.uyghurkitap.com

قىلغان ئىشلارنى ئۆزى مۇستەقىل قىلالىشى كېرەك ؛ ئۇنىڭدىن قالسا ھەقىقەتكە مۇخالىپ كېلىدىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلماسلىقى كېرەك ؛ ئۇچىنچىدىن ، ئۇ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ كەمچىلىكلىرىگە سەۋر قىلالىشى كېرەك .

بارلىق ئىشلارنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش كېرەك : ئەقىلگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىشلارغىلا ئىشىنىشكە بولىدۇ .

ئەقىللىق ئادەم يامانلىق قىلمايدۇ ، رەھىمدىل ئادەم ھەمىشە ئەقىللىق بولىدۇ . سىز زېھنىڭىز بىلەن رەھىمدىللىكىڭىزنى ئاشۇرسىڭىز بولىدۇ ، رەھىمدىللىكىڭىز ۋە مېھىر - مۇھەببىتىڭىز بىلەنمۇ زېھنىڭىزنى يۈكسەلدۈرسىڭىز بولىدۇ .

بۈيۈك ئىدىيە قەلبتىن كېلىدۇ .

## 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى زىيادە بايلىق نامراتلىقتىنمۇ يامان

ئەگەر بىر جەمئىيەت بۇ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بايلار ۋە ئۇلارنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنىدىغان نامراتلاردىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدىغان بولسا ، ھەرقانداق رەۋىشتىكى مۇكەممەللىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئۈمىد كۈتمىسەكمۇ بولىدۇ .

بىز بۇ دۇنيادىن تولىمۇ بىمەنە يەكۈننى چىقاردۇق : بىر جەھەتتىن ، بىز جەمئىيەتتە ياشاۋاتىمىز دەيمىز ، لېكىن يەنە بىر جەھەتتىن بىز تولىمۇ غېرىبانە تۇرمۇش كەچۈرمەكتىمىز .
— توماس كارلىل

ناۋادا مىليونېرلار مەۋجۇت بولسا ، ئۇنداقتا جەزمەن تىلەمچى-

لەرمۇ مەۋجۇت بولىدۇ .

— ھېنرى گېئورگى

ئەگەر مېھنەت سەرپ قىلمايلا ئېرىشسىڭىز ، ئۇنداقتا مېھنەت سەرپ قىلىپمۇ ئېرىشەلمىگەنلەر بولىدۇ .

— مېرسېي مايمۇند

**بىر رەھىمسىز خوجايىن بولغاندىن بىر مۆمىن قۇل بولغانغا يەتمەيدۇ ، زىيادە بايلىق ئادەمنى نامراتلىقتىنمۇ بەك ئوسال قىلىۋېتىدۇ .**

## 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى **مەنىۋى تۇرمۇشقا بويسۇنۇڭ**

ئۇقتىئىنەزەرىمىزدىن كېلىپ چىقىدىغان نەتىجىنى بىلىشكە ئامالسىزمىز . چۈنكى ئۇلار مەيىن سۇ دولقۇنچىسىغا ئوخشاش پايانى يوق بىر دۇنيادا تاشقىرىغا قاراپ چەكسىز كېڭىيىپ كېتىدۇ .

خۇدانىڭ سىرىنى بىلىشكە ئۇرۇنۇشتەك ھەرقانداق تىرىشچانلىق بىھۇدىدۇر . پەقەت مۇقەددەس قانۇنىيەتكە بويسۇنۇشلا كۇپايە قىلىدۇ .

— «تالمۇد»دىن

ئەۋلىيالار مەنىۋى تۇرمۇشقا بويسۇنىدۇ ، ماددىي تۇرمۇشنى رەت قىلىدۇ .

— لاۋزى

مۇھىم ھەرىكەتلىرىمىز بىز مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغان نەتىجىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . ئۇلۇغ ھەرىكەتلەر چوڭقۇر مەنىلەرنى تەۋەللۇت قىلىدۇ .

— جون رۇسكىن

ئەگەر ئۆز ھەرىكىتىڭىزنىڭ ئاقىۋىتىنى ئالدىن كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولالىسىڭىز، ھەرىكىتىڭىزنىڭ ئەھمىيىتىدىن قىلچە سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

## 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى **كەمتەرلىك**

بىر ئادەمنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىغا ھۆرمەت قىلىش بىر پىرىنسىپ. ئۇنىڭ باشقىلارنى بويسۇندۇرۇش، قوللاش ياكى رەھىم ـ شەپقەت قىلىشى بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق.

ھەرقانچە ئەرزىمەس ئىش بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق بولىدۇ. ئەرزىمەس ئىش دەپ ئېتىبارسىز قارىماسلىق كېرەك. پەقەت ئەخلاقىي سەۋىيەسى يۇقىرى ئادەملەرلا ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرەلەيدۇ.

روسىيەدە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان بەزى ئادەملەرنىڭ ئىنتايىن قىزىقارلىق بىر ئادىتى بار: تۇنجى قېتىم بىر ئادەمگە تونۇشتۇرۇلغاندا چوڭقۇر تەزىم قىلىدۇ. ئۇلار بۇنداق قىلىشىمىز بەرىبىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇقەددەس روھنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىمىز دېيىشىدۇ. بۇ ئانچە كەڭ تارقالغان ئەنئەنە بولمىسىمۇ، لېكىن ئىنتايىن چوڭقۇر يىلتىزى بار.

ئادەم كەمتەر بولۇشى كېرەك، ئۇ ھەتتا مەن مەۋجۇت بولغاچقا مەن پىكىر يۈرگۈزىمەن دېمەسلىكى كېرەك.

— رالف ۋالدو ئېمېرسون

ئادەم شۇنى بىلىشى كېرەككى، ئۇ خۇدانىڭ قانۇنى ئالدىدا — باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئەمەس — ھەقىقىي مېھرىبانلىقنى يەتكۈزۈشى كېرەك.

## 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى باشقىلارنى ياخشى كۆرۈڭ، خۇددى ئۆزىڭىزنى ياخشى كۆرگەندەك

دىنىي تەرغىباتنىڭ قائىدىسى تولىمۇ ئاددىي: باشقىلارنى ياخ- شى كۆرۈڭ، خۇددى ئۆزىڭىزنى ياخشى كۆرگەندەك.

خۇدانىڭ روھى بىلەن ياشاش ئەڭ ياخشى مەقسەت ئۇچۇن؛ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەڭ ياخشى شەكىلدە ئەڭ ئېسىل ئىشلارنى قىلىش كېرەك. بىر گۆدەك بالا بولغان تەقدىردىمۇ بۇ قائىدىنى چۈشىنەلەيدۇ، لېكىن ھەرقانچە كاتتا ئەرباب بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلاردىن ياخشى قىلالمايدۇ.

— تېئودور پاك

بىر ئادەم تۇرمۇشنىڭ مەنىسىنى ئۇزۇل ـ كېسىل چۈشىنىش- كە ئامالسىز، پەقەت ئۇنىڭ يۆنىلىشىنىلا بىلەلەيدۇ.

بارلىق دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ ماھىيىتى رەھىمدىللىك، خى- رىستىيان دىنىنىڭ ئۆزگىچىلىكىمۇ ئۇنىڭ رەھىمدىللىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەقىدىلىرىدە، يەنى رەھىمدىللىكنىڭ ئاساسلىق شەرتلىرىنى ئېنىق ھەم مۇپەسسەل بايان قىلغانلىقىدا: يامانلىق ۋە زوراۋانلىق بىلەن ئېلىشماسلىق.

ئەگەر سەن ئەركىن ھەم قۇدرەتلىك بولماقچى بولساڭ، ئۇن- داقتا ئېتىقادىڭنى تىرىشىپ ئۆزگەرتكىن.

**ئەگەر بىر ئادەم تۇرمۇشنىڭ مەنىسىنى ئېنىق چۈشى- نەلمىسە، ئىشەنچ، ئېتىقادى بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇ ھەر ۋاقىت رەھىمدىللىكنى رەت قىلىشى ھەمدە رەزىللىككە**

www.uyghurkitap.com

باش قويۇشى مۇمكىن.

4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى **ھەقىقىي بىلىم**

مۇھىمى بىلىمىڭىزنىڭ سان ـ مىقدارى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ سۈپىتى. نۇرغۇن نەرسىنى بىلىشىڭىز مۇمكىن، لېكىن نېمىنىڭ مۇھىملىقىنى بىلمەيسىز.

بىلىمسىزلىك تېگىدىن نومۇسسىزلىقمۇ ئەمەس، ھەم ئۇنىڭ زىيىنىمۇ يوق، ھەرقانداق ئادەمنىڭ بىلمەيدىغىنى يوق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، ئەگەر سىز بىلمەيدىغان نەرسىڭىزنى بىلىدىغان قىياپەتكە كىرىۋالسىڭىز، ئۇنداقتا بۇ نومۇسسىزلىق بولۇپلا قالماستىن ھەم زىيانلىقتۇر.

بىلىمسىزلىك ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. بىر خىلى، ھەربىر ئادەم تەبىئىيتىدىن نۇقسانسىز، تەبىئىي بىلىمسىزلىككە ئىگە بولىدۇ. يەنە بىر خىلى بولسا، ئاقىلانىلىك بىلەن قارىمۇقارشى بولغان بىلىمسىزلىكتۇر. جەزمەن شۇنى بايقايسىزكى، ئۆزىنى ئالىم ـ ئۆلىما دەپ ئاتىۋالغان نۇرغۇن كىشى ھەقىقىي تورمۇشنى ئەسلا بىلمەيدۇ، يەنە كېلىپ ئۇلار ئاددىي كىشىلەرنى ۋە نەرسىلەرنى كۆزگە ئىلمايدۇ.

— بلايىز پاسكال

ھەقىقەت ھەددى ـ ھېسابسىز توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىيالايدۇ، تاكى ئۆزىنى قوبۇل قىلغانغا قەدەر.

— گېئورگى لىختېنبېرگېر

پىكىر يۈرگۈزۈشنىلا بىلىپ ئىجاد قىلىشنى بىلمەيدىغان ئالىم يامغۇرى يوق بۇلۇتقا ئوخشايدۇ.

— شەرق ئەقلىيەسى

مۇجمەل ھەم مۇرەككەپ ئاتالغۇلارنى ساختا ئۆلىمالار ئىجاد قىلغان. ھەقىقىي، چىن بىلىملەر مۇجمەل تېبىرمىنلارغا بىھاجەت.

## 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى   رىيازەتنىڭ پايدىسى

جاپانىڭ ھالاۋىتىنى بىلمىگەن ئادەم بەختلىك ۋە ھەقىقىي تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدۇ.

ئىنسانىيەت قازانغان بۈيۈك مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ بىرىمۇ جاپا تارتىش بەدىلىگە كەلمىگەن ئەمەس.

— ف . روبېر دې لامېرنى

رىيازەت چەكمىگەن ئادەم روھىي جەھەتتىن ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ . رىيازەت ھەممىشە ئۆلۈمگە ئۆلپەت بولۇپ تۇرىدۇ ، لېكىن رىيازەت تۇرمۇش ئۈچۈن ئېيتقاندا پايدىلىق ھەم ئەھمىيەتلىك بىر ئىشتۇر . ئېيتىلىشچە ، خۇدا جەبىر ـ جاپا ۋە كۈلپەت تارتقان ئادەملەرنى ياخشى كۆرەرمىش .

دىن بىر ئادەمگە ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشتىكى ئەھمىيىتىنى ۋە مەنزىلىنى بىلدۈرىدۇ .

— ئاناتولې فرانسې

مەنىۋى تۇرمۇشى تويۇنغان بىر ئادەم شۇنى بايقايدۇكى ، رىيازەت ئۇنىڭ بەخت بىلەن بولغان ئارىلىقىنى قىسقارتىدۇ . مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ، رىيازەت ئۆزىنىڭ ئازابلىق تەرىپىنى جۇدا قىلىپ ، ناھايىتى زور بەختكە ئايلىنىدۇ .

## 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى   باشقىلارغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىڭ

مەنىۋى تۇرمۇشى تويۇنغان بىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا ، ئۆزىنى قۇربان قىلىشتىن كەلگەن بەخت ھايۋانىي ئارزۇ ـ ھەۋەس بىلەن تولغان ۋە ئۆزىنى تاشلىۋېتىدىغان شاللاق بىر ئادەم ئېرىشىدىغان شادلىقتىن كۆپ يۇقىرى بولىدۇ .

ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ھەمىشە باشقىلارغا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىدۇ . ئەگەر بىر ئادەم ياخشى ئىش قىلىش جەريانىدا جەبىر ـ جاپا تارتسا ، ئۇ تېخىمۇ ئالىيجاناب بىر ئادەمگە ئايلىنىدۇ .

— ژان دېلابۇيىر

باشقىلارنىڭ پايدىسى ۋە بەختى ئۈچۈن ساخاۋەتلىك ئىشلارنى قىلىشتىنمۇ بەك ئادەمنى بەختلىك ھېس قىلدۇرىدىغان نەرسە يوق .

— لۇتسى مالورى

قۇياش نۇرى ئۇستىمىزگە چۈشكەندىن كېيىن ، ۋۇجۇدىمىزدا ئەكس ئەتكەن قارا داغ ئادىمىيلىك خاراكتېرىمىزنىڭ سايىسىدۇر . پەقەت باشقىلار ئۈچۈنلا ياشىغان ۋاقتىمىزدا ، بىز ئاندىن ئۆزىمىز ئۈچۈن ياشىغان بولىمىز . بۇ گەپ غەلىتىرەك ئاڭلانغان بىلەن ، سىز مۇشۇنداق قىلىپ كۆرۈپ بېقىڭ . سىز ئۆز كەچۈرمىشىڭىز ئارقىلىق بۇ قائىدىنى ئىسپاتلايسىز .

**ئوت شامنى ئېرىتىپ تۈگىتىۋەتكەنگە ئوخشاش ، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىش ئۇ ئادەمنى خۇسۇسىي تۇرمۇشتىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچتۈرىدۇ .**

## 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى **مۇھەببەتلىك قەلب**

كەلگۈسى جەمئىيەتنىڭ تۇرمۇش تەرتىپى زوراۋانلىق بىلەن تېررورلۇقنىڭ ئورنىنى مۇھەببەت بىلەن بەخت ئالغانلىقى سەۋەبىلىك ئۆزگىرىدۇ . سىلەرگە شۇنداق جېكىلەيمەنكى ، سىلەر ئۆز ئارا بىر ـ بىرىڭلارنى سۆيۈڭلار .

— «ئىنجىل يۇھاننا»دىن

ئەگەر سىز گېزى كەلگەندە باشقىلار بىلەن خاتىرجەم ئالاقە قىلسام بولىدۇ ، ھېچقانداق مېھىر ـ مۇھەببەت قويمىسامۇ بولىدۇ دەپ ئويلىسىڭىز ، يېڭىلىشقان بولىسىز . سىز ئاشۇ جانسىز شەيئىلەر بىلەن مېھىر ـ مۇھەببىتىڭىزنى ئاتا قىلمايمۇ دادىل مۇئامىلە

قىلسىڭىز بولىدۇ ، يەنى ياغاچ كەسسىڭىز ، خىش پىشۇرسىڭىز ، تۆمۈرچىلىك قىلسىڭىز بولىدۇ ، لېكىن كىشىلەر بىلەن ئارىلاشقاندا مېھىر - مۇھەببىتىڭىزنى ئايىسىڭىز بولمايدۇ . خۇددى ھەسەل ھەرىسى باققان ۋاقتىڭىزدا ئېھتىيات قىلمىسىڭىز بولمىغانغا ئوخشاش ، سىز كىشىلەر بىلەن ئارىلاشقان چېغىڭىزدا ئۇلارنىڭ ئادىمىيلىكىگە دىققەت قىلمىسىڭىز بولمايدۇ . بۇنداق ئادىمىيلىكتە ھەسەل ھەرىسىنىڭ خۇسۇسىيىتىمۇ ، ئادىمىيلىك خۇسۇسىيەتمۇ بولغان بولىدۇ . ئەگەر ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلمىسىڭىز ، سىز ئۇلارنى ۋە ئۆزىڭىزنى زەخىملەندۈرۈپ قويىسىز . بۇنىڭدىن باشقا نەتىجە چىقمايدۇ ، چۈنكى ئۆزئارا كۆيۈنۈش بىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتا جەزمەن رىئايە قىلىدىغان ئاساسلىق پىرىنسىپتۇر .

— گوتخولد ئېففىرايىم لىسسىنگ

ئىنسانىيەتنىڭ بۇ دۇنيادا ئۆتكۈزگەن ئەڭ چوڭ جىنايىتى سىياسىي بىلەن ئېتىكىنى ئايرىۋەتكەنلىكىدۇر .

— بوش بېشى شېللېي

**يەر شارىدا جەننەت بەرپا قىلىشىڭىز ئۈچۈن ياشىشىڭىز كېرەك . تۇرمۇشىڭىز زوراۋانلىق ئاساسىغا قۇرۇلماسلىقى ، بەلكى سۆيگۈ - مۇھەببەتنى ئۇل قىلىشى كېرەك .**

## 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى **روھىڭىزنى پاك تۇتۇڭ**

روھىڭىز پاك بولمىسا ، قانداقمۇ خۇداغا ھەمدۇ - سانا ئېيتىمەن ، دېيەلەيسىز ؟ ھەر بىرىمىزنىڭ قەلبىدە بىر خىل مەۋجۇدىيەت بار . ئۇ سۆبھى يۇلتۇزىغا ئوخشاش بىزنىڭ نىجاتكارىمىزدۇر .

— ھىندى ئەقلىيەسى

**بىر ئادەم ئۆز خاسلىقىنى ، يەنى ئىچكى ئۆزلۈكىنى**

رىيازەت ۋە ئاسارەت پادىشاھلىقىدىن ھەمىشە مۇقىم ۋە شادىمان پادىشاھلىققا، يەنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس مەنىۋى ماھىيىتىنى چۈشىنىشكە پايدىلىق پادىشاھلىققا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

## 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ھەقىقىي ئاق كۆڭۈللۈك

ھەقىقىي ئاق كۆڭۈللۈك ھەمىشە ئاددىي بولىدۇ.

ئاددىي ـ ساددىلىق شۇ قەدەر جەزبىلىك، شۇ قەدەر پايدىلىقكى، ھەقىقىي ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلار ئىنتايىن ئازدۇر.

ھەممىلا يەردە بەخت ئىزدەپ يۈرمەڭ، خۇداغا شۈكرى ئېيتىڭ، ئۇ بىز ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسىلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇپ بەرگەن، مۇرەككەپ نەرسىلەرنى ئېھتىياجىمىزدىن خالىي قىلغان.
— گېرگورىي سكوۋوردا

بىزنىڭ ئاساسلىق سەرپىياتىمىز باشقىلارنى تەقلىد قىلىشقىلا قارىتىلغان.
— رالىف ۋالدو ئېمېرسون

ئۇلۇغۋار ئىشلارنىڭ ھەرقانداقى تىنچ، كەمتەرلىكلەرچە ۋە ئاددىي شەكىلدە تاماملىنىدۇ. يەر ھەيدەش، ئۆي سېلىش، چارۋا ماللارنى بېقىش، ھەتتا پىكىر يۈرگۈزۈش قاتارلىق ھەرقانداق بىر ئىشنى چاقماق چېقىپ ھاۋا گۈلدۈرلىگەن چاغدا ۋۇجۇدقا چىقىرالمايسىز. پەۋقۇلئاددە ھەم چىن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاددىي ھەم پىقىرانە ھالەتتە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ھەرقانداق ئادەم ياسالما ھەم ئۆزىنى ئاددىي كۆرسى-

تىشكە ئۆرۈنىدىغان ئادەمدىن ئاددىي بولىدۇ . بارلىق سۈنئىي ئىشلاردا ، ياسالما ئاددىيلىق ئادەمنى تولىمۇ بىزار قىلىدۇ .

## 4 _ ئاينىڭ 24 _ كۈنى چىن باتۇر

ھەرقانداق كۈرەشتە ، خۇدانىڭ ئۆزىگە يار ـ يۆلەك بولۇۋاتقان-لىقىنى چۈشىنىدىغان كىشىلەر ھەقىقىي باتۇرلاردۇر .

مەيلى قانداق ئىش يۈز بەرسۇن ، ئىشەنچنى قەتئىي يوقاتماس-لىق كېرەك . پەقەت ياخشى ئادەم بولغاندىلا ، بېشىڭىزغا بەختسىز-لىك چۈشمەيدۇ .

سىلەرگە شۇنى ئېيتماقچىمەن ، سىلەرنى ئىچكى خاتىرجەم-لىككە ئېرىشسە دېيمەن ، دۇنيادا جاپا چېكىۋاتىسىلەر ، بىراق خا-تىرجەم بولۇڭلاركى ، مەن دۇنيانى يەڭدىم .

— «ئىنجىل يۇھاننا»دىن

شەيئىلەر مۇقىم بولمايدۇ ، خىرە ـ شىرە كۆرۈنۈپ ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىدۇ ؛ پەقەت گۈزەل ئەخلاقلا روشەن مەۋ-جۇت بولۇپ تۇرىدۇ ، ئۇنى ھەرقانداق كۈچ يىمىرىۋېتەلمەيدۇ .

— ستىنسىرو

ئىلگىرى ، رىم ئىمپېراتورىيەسىنىڭ بىر خانىشى گۆھىرىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ . ئۇ مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا : پەقەت ئوتتۇز كۈن ئىچىدە گۆھەرنى تېپىۋېلىپ ئەكېلىپ بەرگەنلەر كاتتا مۇكاپاتلىنىدۇ ، لېكىن ئوتتۇز كۈندىن كېيىن گۆھەرنى ئەكەلگەن-لەر ئۆلتۈرۈلىدۇ ، دەپ ئېلان چىقارغۇزۇپتۇ . يەھۇدىي ئۆلىما ساموئېل ئۇ گۆھەرنى تېپىۋېلىپ ئوتتۇز كۈندىن كېيىن ئەكېلىپ

بېرىپتۇ .

— سەن چەت ئەلگە چىققانمىدىڭ ؟ ـ دەپ سوراپتۇ خانىش ئۇنىڭدىن .

— ياق ، ئۆيۈمدە تۇردۇم .

— بەلكىم مەن چىقارغان ئىبلانىڭ مەزمۇنىنى بىلمىسەڭ كېرەك ؟

— بىلمەن ، — دەپتۇ سامۇيىل .

— ئەمىسە ، نېمىشقا ئوتتۇز كۈنلۈك مۆھلەت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن گۆھەرنى ئەكېلىسەن ، ئەمدى سېنى جەزمەن ئۆلتۈرىمەن .

— چۈنكى مېنىڭ گۆھەرنى سىلىگە قايتۇرۇپ بېرىشىم ، سىلىنىڭ جازالىرىدىن قورقانلىقىمدىن ئەمەس ، بەلكى خۇدادىن قورقانلىقىمدىندۇر .

**ئۆز خاسلىقىدىن ھەقىقىي ۋاز كېچەلىگەن ئادەملا ھەقىقىي قەيسەر ئادەمگە ئايلىنىدۇ .**

## 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى مۇقەددەس كۆچ ھەممىلا شەيئىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ

بىر ئادەم ئۆزىنى بىر خىل جىسمانىي مەۋجۇدىيەت دەپ قارىشى مۇمكىن ، بىر خىل مەنىۋى مەۋجۇدىيەت دەپ قارىشىمۇ مۇمكىن . ئۆزىڭىزنى بىر خىل مەنىۋى مەۋجۇدىيەت دەپ قارىغان ۋاقتىڭىزدا ، سىز ئەركىن ئادەمگە ئايلىنىسىز .

«خۇدانىڭ مۇھەببىتى» سىزنى بۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئالىي ئىدىجادچان كۈچلەر ئېقىمىغا قوشۇۋېتەلمىسە ، ئۇنداقتا ئۇ زادى نېمە ؟ مۇقەددەسلىك ھەممىلا شەيئىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . لېكىن ئۇ بۇ دۇنيادا ئىنسان تەبىئىيتىدە ئەڭ روشەن ئەكس ئېتىدۇ . بۇ

كۆچتىن پايدىلىنىش ئۈچۈن ، بىز ئۇنى چۈشىنىشىمىز ، ئۇنى قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك .

بىلىمەن ، خۇدا ھەممىنى چۈشىنىدۇ ، ئۇنىڭ قانۇنىيىتى باش-تىن - ئاخىر بىردەك بولىدۇ . بىلىمەن ، ئۇ ھەممىنى بىلىدۇ . ھەممىگە چوڭقۇر سىڭىدۇ ھەمدە ھەممىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . خۇدا قۇياش نۇرى قاراڭغۇ ئۆيلەرنى يورۇتۇپ تۇرغانغا ئوخشاش ، ھەممىلا ئادەمنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر چۆكىدۇ . بىز بۇ مۇقەددەس نۇرنى تىرىشىپ ئەكس ئەتتۈرۈشىمىز كېرەك .

— جوڭگو ئەقلىيەسى

**ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا ئەڭ ياخشى ئىش-لارنى قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەنمىسە ، ئۇنداقتا ئۇ ئەڭ ئو-سال ئىشلارنى قىلىدۇ .**

## 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئەڭ كىچىك نەرسە

خىزمەت ۋاقتىدا ناخشا ئېيتىپ ئىشلەيدىغانلارنى ئاتا قىلغىن ، ئېھ رەببىم ! ئۇنىڭ قانداق خىزمەتنى قىلىشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن ، خاپىغان خىزمەتچىلەر ئىچىدىكى ھەرقانداق ئادەمدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ ، يەنە كېلىپ ئۇ ئوخشاش ۋاقىت ئىچىدە ئىشنى ئەڭ كۆپ ، ئەڭ ياخشى قىلالايدۇ ھەم ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرالايدۇ .

بىر ئادەم مۇزىكىغا جور بولغان ۋاقىتتا ئەسلا چارچاش ھېس قىلمايدۇ . ئاسماندىكى ئاشۇ يۇلتۇزلارمۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كەل-گەندە ناخشا ئېيتىپ جىرلاپ كېتىدۇ .

— توماس كارلىل

بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىكلەر — بەزىدە راستتىنلا ئەرزىمەيدۇ —

ھەمىشە ئادەمنى بىئارام قىلىدۇ. ئەڭ كىچىك، ئەڭ ئەرزىمەس تۇسالغۇلارمۇ ئادەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدۇ؟ دەل شۇنىڭغا ئوخشاش، ئەڭ كىچىك يېزىلغان خەتلەر ئادەمنىڭ كۆزىنى تالدۇرۇۋېتىدۇ. ئەڭ ئەرزىمەس ئىشلار ھەمىشە ئادەمنى بىزەۋتە قىلىدۇ.

— مونتەينى

**تۇرمۇش نازۇك بىر نەرسىدۇر، ناھايىتى ئاسانلا تەسىرگە ئۇچرايدۇ. تۇرمۇشتا ھامان بەزى يېڭىلىنىشلار بولۇپ تۇرىدۇ.**

4 – ئاينىڭ 27 – كۈنى **باشقىلارنى مەڭگۈ ئەيىبلىمەڭ**

ئوسال كەيپىيات ھەمىشە باشقىلارنى ئەيىبلەشكە سەۋەب بولۇپ قالىدۇ. لېكىن، باشقىلارنى ئەيىبلەش ھەمىشە بىزدە بىزارلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ: باشقىلارنى قانچە كۆپ ئەيىبلىگەنسېرى، بىز ئۆزىمىزنى شۇنچە ئوسال ھېس قىلىمىز.

بىز دائىم ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ئومۇمىيۈزلۈك بىر قاراش شۇكى، ھەربىر ئادەمدە مۇقىم ۋە باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاشمايدىغان خۇسۇسىيەت بولىدۇ. ئاق كۆڭۈل ئادەملەرمۇ، رەزىل ئادەملەرمۇ بولىدۇ؛ ئەقىللىق ئادەملەرمۇ، دۆت ئادەملەرمۇ بولىدۇ؛ سوغۇققان ئادەملەرمۇ، ئالدىراڭغۇ ئادەملەرمۇ بولىدۇ. لېكىن كىشىلەر ئۇنداق ئەمەس، بىز ھەمىشە ئاللىكىملەرنى رەزىل ئەمەس، ئاق كۆڭۈل، كالۋا ئەمەس ئەقىللىق؛ ئالدىراڭغۇ ئەمەس ئېغىر – بېسىق دەيمىز. بىز ھەمىشە كىشىلەرنى مۇشۇنداق ئايرىيمىز، لېكىن بۇنداق ئايرىش ئۇسۇلى خاتادۇر.

ئەگەر ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدا ئۆچمەنلىك بولسا، ئۇنداقتا بۇ ئىككىيلەن ئوخشاشلا ئەيىبلىنىشى كېرەك. سىز ھەرقانداق بىر

ساننى نۆلگە كۆپەيتسىڭىز ، مەيلى ئۇ سان قانچىلىك چوڭ بول-سۇن ، نەتىجىسى نۆل بولىدۇ . ناۋادا ئۆچمەنلىك مەۋجۇت بولسا ، ئۇنداقتا بۇ ئۆچمەنلىك ئىككىيلەننى بىر - بىرىگە تېخىمۇ ئۆچ قىلىدۇ ، يەنە كېلىپ ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدا ساقلىنىدۇ .

شۇنى جەزمەن چۈشىنىشىڭىز ۋە ئېسىڭىزدە مەھكەم ساقلى-شىڭىز كېرەككى ، بىر ئادەم ھەمىشە ئۆز مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىشنى قىلىشقا كۈچەيدۇ . ئۆزىگە ئەڭ پايدىلىق ئىشلار-نى قىلغان ۋاقتىدا ، ئەگەر ئۇنىڭ يوللۇق بولسا ، قىلغان ئىشلىرى ياخشى نەتىجە بېرىدۇ ؛ لېكىن ، ئۇنىڭ خاتا بولسا ، قىلغان ئىشلى-رى يامان نەتىجە بېرىدۇ . چۈنكى ئازاب مۇشۇنداق خاتالىقنىڭ كەينىدىن تاپ باستۇرۇپلا كېلىدۇ .

ئەگەر سىز بۇ نۇقتىنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتسىڭىز ، ئۇنداقتا سىزنى باشقىلار مەڭگۈ پەرىشان قىلالمايدۇ . سىزمۇ باشقىلارنى مەڭگۈ ئەيىبلىمەيسىز ، باشقىلار بىلەن مەڭگۈ دۈشمەنلەشمەيسىز .
— ئېپىكتېت

**ئەگەر يەنە بىر ئادەم بىلەن بىللە تۇرسىڭىز ، ئۇنىڭ بىلەن شۇنداق كېلىشىڭ : ئىككىڭلاردىن بىرىڭلار يەنە بىرىڭلارنى ئەيىبلەشكە باشلىغاندا ، تالاش - تارتىشنى دەرھال توختىتىڭلار**

## 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى **خىزمەت قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر**

خىزمەت بەختنىڭ زۆرۈر شەرتى ، ئالدى بىلەن سىز ئەركىن خىزمەتنى پەۋقۇلئاددە ياخشى كۆرىسىز ؛ ئاندىن قالسا تۇرمۇشى-ڭىزنى قامدىيالىغۇدەك ھەم سىزنى خاتىرجەم قىلىدىغان ۋە سىزنى خاتىرجەم شېرىن ئۇيقۇغا سالىدىغان جىسمانىي ئەمگەكنى ياخشى كۆرىسىز .

www.uyghurkitap.com

جىسمانىي ئەمگەك ئەقلىي پائالىيەتنى چەتكە قاقمايدۇ. بەلكى ئۇنىڭ سۈپىتىنى كۆتۈرىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ.

دائىملىق ھۇرۇنلۇقنى دوزاخ ئازابى دەپ قاراشقا بولىدۇ، لېكىن دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ئۇ جەننەت كەبى خۇشاللىنارلىق ئىش دەپ قارىلىدۇ.

— چارلىز مونتېسكيۇ

بىر ئادەم خىزمەتنى باشلىغاندا، دىتىغا ئەڭ ياقمايدىغان، ئەڭ ئىپتىدائىي ۋە ئەڭ ئاددىي خىزمەت بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ روھى خاتىرجەم بولىدۇ. بىر ئادەم خىزمەتنى باشلىغان ھامان، بارلىق جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن قېچىشقا باشلايدۇ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشالمايدۇ، ئادەممۇ ئادەم بولالايدۇ.

— توماس كارلىل

خىزمەت زۆرۈر. ئەگەر ئەڭ ياخشى روھىي ھالەتكە ئىگە بولاي دېسىڭىز، خىزمەت قىلىڭ، تاكى ھارغىنلىق ھېس قىلغانغا قەدەر خىزمەت قىلىڭ. لېكىن زىيادە چارچاپ كەتمەڭ. ماغدۇرسىزلىق ھېس قىلغان ۋاقتىڭىزدا خىزمەتنى توختىتاماڭ، ياخشى روھىي ھالەت زىيادە خىزمەت تۈپەيلى بۇزۇلۇشى، بەلكىم بىكار تەلەپلىك تۈپەيلىمۇ بۇزۇلۇشى مۇمكىن.

## 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كېسەللىكنىڭ ئىككى ياقلىملىقى

ئەگەر بىز ئۆلگەندىن كېيىنكى ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇش مەسىلىسى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزسەك، ئۇ ھالدا بارلىق كېسەللىكلەر بىزنى بىر خىل ھاياتلىق پائالىيىتىدىن يەنە بىر خىل ھاياتلىق پائالىيىتىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ. يەنە ئادەمنى تەلپۈندۈرىدىغان بىر خىل بۇزۇلۇشقا ئىگە قىلىدۇ. بۇ ئازابلارنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان مەزگىلدە، بىرنېمە قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىد-

مىز ۋە كاللىمىزدىن ئۆتكۈزەلەيمىز ھەمدە كېيىنكى بىر خىل مەۋجۇتلۇق ھالىتىمىز ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋالالايمىز .

ئادەتتە ، كىشىلەر ساغلام ۋاقىتتىلا ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىز- مەت قىلالايمىز دەپ قارىشىدۇ . بۇنداق قاراش خاتا . ئەمەلىي ئەھۋال دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ، ئەيسا چارمىق ئۈستىدە رىيازەت چېكىۋېتىپمۇ خۇدا ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلغان . ئاشۇن- داق ھالەتتىمۇ ، ئۇ ئۆزىنى قەتلى قىلغان ئاشۇ ئادەملەرنى كەچۈرۈ- ۋېتەلىگەن .

ئۆزىنىلا ئويلاش ھەمدە پەقەت ئۆزىنىڭلا غېمىنى قىلىش ، ساغلاملىق ۋە كۈچكە ئىگە بولۇش — ئەلۋەتتە زۆرۈر . لېكىن خۇدانىڭ خىزمىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، زۆرۈرىيىتى يوق ، بەزىدە بۇنىڭ ئەكسى زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ .

ئادەتتە ، ساقىيىشتىن ئاللىبۇرۇن ئۈمىد ئۈزگەن بىمارلار بىلەن ئالاقە قىلغان چېغىمىزدا ، ئەڭ مۇھىمى كېسەلدىن ئۆلۈم- نىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقىدەك پاكىتنى يوشۇرۇش بول- ماستىن ، بەلكى دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ، ئۇنىڭغا مۇقەددەس مەنىۋى خاسلىقنى چۈشەندۈرۈش كېرەك . بۇ خىل خاسلىق ئۇنىڭ ۋۇجۇ- دىدا تەرەققىي قىلىدۇ ھەمدە ئۆلۈم تۇپەيل ئرۇلۇپ كەتمەيدۇ .

**كېسەللىك بىر ئادەمنىڭ تېنىنى بۇزۇۋېتەلەيدۇ ھەمدە بىر ئادەمنىڭ مەنىۋى كۈچىنى قويۇۋېتىدۇ . زېھنىنى ۋە ئېڭىنى مەنىۋى ساھەگە يىغالىغان بىر ئادەمگە نىسبەتەن ، كېسەللىك ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل خۇسۇسىيىتىنى ئاجىزلىتال- مايدۇ ، ئەكسىچە بۇ خىل خاسلىقنى كۈچەيتىۋېتىدۇ .**

www.uyghurkitap.com

4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى **تۇرمۇشنىڭ** مەقسىتى

بۇ دۇنيادا ئۆزىنىڭ تۇرمۇش مەقسىتىنى بىلمەي ياشاش ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدۇ. ھالبۇكى، ئۆزىنى تەربىيە كۆرگەنمەن دەپ ھېسابلايدىغان نۇرغۇن كىشىلەر بىلمىمىز ئاللىبۇرۇن مۇشۇنداق يۇقىرى سەۋىيەگە يەتتى، شۇڭا تۇرمۇشنىڭ مەنىسى توغرۇلۇق باش قاتۇرمىساقمۇ بولىدۇ دەپ قارىشىدۇ.

بىر ئادەم ياشاشنىڭ مەقسىتىنى بىلمىسىمۇ بولىدۇ، لېكىن ئۇ قانداق ياشاش كېرەكلىكىنى بىلمىسە بولمايدۇ.

چوڭ زاۋۇتتا ئىشلەيدىغان بىر ئادەم ئۆز ئەمگىكىنىڭ مەقسىتىنى بىلمىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن ئۇ بىر ياخشى ئىشچى بولسا، ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قانداق قىلسا ياخشى قىلالايدىغانلىقىنى بىلىشى كېرەك.

ھەربىر خىل جانلىقنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئورنىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرىدىغان سەزگۈ ئەزاسى بولىدۇ. ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەڭ مۇھىم سەزگۈ ئەزا ئۇنىڭ ئەقىل كۈچىدۇر.

ناۋادا، سىز بۇ دۇنيادىكى ئورنىڭىزنى ۋە تۇرمۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى بىلمىسىڭىز، بۇنىڭ مۇنداق بىر سەۋەبكە يىغىنچاقلىنىدىغانلىقىنى بىلىشىڭىز كېرەك: بۇ سەۋەب ئىجتىمائىي تۈزۈممۇ ئەمەس، ئەقىل قۇۋۋىتىڭىزمۇ ئەمەس، بەلكى سىزنىڭ ئەقلىنى ئەتىبارلاش شەكلىڭىزدە.

بىزنىڭ تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي مەقسىتىمىز، بۇ دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۇ خىل چەكسىز تۇرمۇشنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش.

## 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى **ھەقىقىي جاسارەت**

ئەبۇجانى قىدىرىيە ئەقىدىلىرىنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن باغداد-تىكى بىر زىندانغا تاشلىنىدۇ ھەمدە زىنداندا ئۆلۈپ كېتىدۇ . ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ، بۇ مەشھۇر دىن تارقاتقۇچى گۈندىپاينىڭ قاتتىق خورلى-شىغا ئۇچرايدۇ . ئۇ گۈندىپايغا : «سەن مېنى زەخىملەندۈرگەندىن كېيىن مەنمۇ سېنى زەخىملەندۈرسەم بولاتتى . ئەسلىدە خەلىپىگە شىكايەت قىلسام بولاتتى ، بىراق مەن شىكايەت قىلمايمەن . دۇئالى-رىمدا سېنىڭ زوراۋانلىقلىرىڭنى خۇداغا ئېيتسام بولاتتى ، لېكىن مەن سەۋر قىلىمەن . مەھشەرگاھدا سەندىن قىساس ئالسام بولاتتى ، گەرچە بۇ كۈنى بۇگۈن كەلگەن تەقدىردىمۇ ، دۇئالىرىم ئاللاغا يەتكەن تەقدىردىمۇ ، ئاشۇ پەيتلەر يېتىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ ، مەن يەنىلا سەن بىلەن بىللە جەننەتكە كىرىمەن» دەيدۇ .

— پارس ئەقلىيەسى

باتۇرلۇق جۇرئەت ۋە كۈچ ـ قۇدرەتتىلا مەۋجۇت بولىدۇ دەپ ئويلاپ قالماڭ . ئەمەلىيەتتە ، قەھر ـ غەزەپنى بېسىپ سېنى ھاقارەتلىگەن بىر ئادەمنى سۆيۈش ئەڭ چوڭ باتۇرلۇق ھېسابلىنىدۇ .

— پارس ئەقلىيەسى

ئۆزۈڭنى قاتتىق تەكشۈر ۋە تەنقىدلە ، لېكىن مەيۈسلەنمە .

— ئېپىكتېت

**بىر ئادەم ھاياتىنى مەڭگۈ مۇكەممەللىكنى ئىشقا ئا-شۇرۇش جەريانى دەپ قارىسا ، تاشقى ھادىسىلەردىن ئەسلا قورقمايدىغان بولىدۇ .**

www.uyghurkitap.com

5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى **تالاش ـ تارتىشتىن ساقلىنىڭ**

كىشىلەر ئادەتتە ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشنى خالىمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ھەقىقەتنىڭ ئايان بولۇش شەكلىنى ياقتۇرمايدۇ .

تالاش ـ تارتىشنىڭ باشلىنىشى يار ئېلىپ تاشقان كەلكۈنگە ئوخشايدۇ . توسما يېرىلغان ھامان ، ئۇنى ئاسانلىقچە توسۇۋالغىلى بولمايدۇ .

**— «تالمۇد»دىن**

ھەقىقەتنى بىلسىڭىز ياكى ھەقىقەتنى بىلمەن دەپ قارىسىڭىز ، ئۇنداقتا ئۇنى قەلبىڭىز بىلەن بىللە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىڭىزگە ئەڭ ئاددىي ۋە پاك شەكىلدە ئەۋەتىپ بېرىڭ .

مەلۇم بىر مەسىلە ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش قىلغاندا ، سۆز ـ ئىبارىلىرىڭىز ئىنتايىن يۇمشاق ، روھىي دۇنيايىڭىز ئىنتايىن قەتئىي بولسۇن . قارشى تەرەپنى يەكسان قىلىۋېتىشنى ئويلىماڭ ، بەلكى چىن كۆڭلىدىن قايىل قىلىڭ .

**— گېئورگى ۋىرگىنىس**

**ئادەم تالاش ـ تارتىشتىن ساقلىنىشى كېرەك ، ئوت ئۆلگىيىپ كەتكەندە ، ئۇنى ئۆچۈرۈش تەسكە توختايدۇ .**

5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى **ياخشىلىق ، گۈزەللىك**

ئەقىللىق كىشىلەر تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بىلىش ئۈچۈن ئۆگىنىدۇ ، ئىلگىرى كەلمەيدىغان كىشىلەر تېخىمۇ بەك نام چىقىرىش ئۈچۈن ئۆگىنىدۇ .

**— شەرق ئەقلىيەسى**

مۆكەممەل روھىي مەنزىلگە يېتىمەن دەيدىكەنسىز ، ئالدى بىلەن روھىڭىزنىڭ پاكلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشىڭىز كېرەك . قەل-بىڭىز ھەقىقەتكە تەلپۈنگەندە ، مۆكەممەللىكنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرگەن ۋە ھەقىقىي بىلىمگە مۇراجىئەت قىلغان چېغىڭىزدا ، بۇ مەقسەتكە يېتەلەيسىز .

— كۇڭزى

ئەگەر بىر پەيغەمبەرنى قانداق پەرق ئېتىشنى بىلمەكچى بول-سىڭىز ، ئۇنداقتا كىمنىڭ ئۆز قەلبىنى سىزگە بەكرەك چۈشەندۈ-رەلەيدىغانلىقىغا دىققەت قىلىڭ .

— پارس ئەقلىيەسى

**ھەربىر ئادەمنىڭ بىرلا مەقسىتى بولىدۇ ، ئۇ بولسىمۇ ياخشىلىق ، گۈزەللىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش . شۇڭا ، بىزنى مۇشۇ مەقسەتكە يەتكۈزەلەيدىغان بىلىملا زۆرۈر بىلىملەر-دۇر .**

## 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى **ئىدىيەنىڭ قۇدرىتى**

ھەربىر خىل تىلدا ئىپادىلەنگەن ئىدىيەنىڭ ھەممىسى بىر خىل كۈچ ـ قۇدرەتتۇر ، ھالبۇكى بۇنداق قۇدرەت چەكسىز بولى-دۇ .

ئادەمنىڭ يۈرەك قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئىلغار ئىدىيە ياخ-شى نەمۇنىلەرگە ئوخشاشلا كېرەكلىكتۇر .

— سېنېكا

كۈچلۈك ئىدىيە ئۇنۇملۇك شەكىلدە ئىپادىلىنىپ چىققاندا ، بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنى ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىدۇ .

— ستىنسىرو

ئىدىيە ئەقىلگە مۇناسىۋەتلىك بىر خىل قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچ ، ئۇ ئادەمگە ئاپەتمۇ ئەكېلىدۇ ، بەختمۇ ئەكېلىدۇ ، بۇ ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىگە باغلىق .

— لۇتسى مالورى

تىل بىلەن ئىپادىلەنگەن ھەقىقەت كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچتۇر . بۇنداق كۈچنى ئۇزۇل - كېسىل چۈشىنىشكە ئامالسىزمىز ، چۈنكى ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كىشىلەر ئاسان كۆرەلمەيدۇ .

> دانىشمەنلەرنىڭ ئىلغار ئىدىيەسىدىن پايدىلىنىڭ ، ناۋادا ئوخشاش ئەقىل ۋە ئىدىيەنى بارلىققا كەلتۈرەلمىسىڭىز ، ئۇ ھالدا سىز ھېچبولمىغاندىمۇ ئۆزىڭىز ۋە باشقىلارنىڭ خاتا ئوي - پىكرى ۋە ئىدىيەلىرىنى تارقاتماڭ .

## 5 — ئاينىڭ 5 — كۈنى راست گەپ قىلىڭ

كىشىلەر بالىلارغا خاتا گەپ قىلسا خاتا بولمايدۇ ، دەپ قارىشىدۇ ؛ بالىلارغا خاتا ئېيتىش ئېغىر خاتالىق بولۇپلا قالماستىن ، بەزىدە تېخى ئىنتايىن زوررۇر . شۇنىسى ئىنتايىن تەبىئىيكى ، بالىلار بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا ، دېگەن گەپلىرىڭىزگە دىققەت قىلىشىڭىز كېرەك ھەمدە ئۇلارغا دېيىلگەن گەپلەرنىڭ راست بولۇشىغا ھۆددە قىلالىشىڭىز كېرەك .

— «تالمۇد»

تەبىئەت ئادەمنىڭ ئۇستازى ، شۇڭا ئادەم ئاللىقانداق بىرەر ئۆلىمانىڭ يۈكسەك ئوبرازىنى ئويىدىغان شام تاختىسى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك .

— گېئورگى لىختىنبېرگېر

بىرەر نەرسىگە تولۇق ئىشىنەلمىسىڭىز ياكى مۇنداق-چە ئېيتقاندا ، كاللىڭىزدا يېشىلمەي قالغان بەزى چىگىش مەسىلىلەر بولسا ، بالىلىرىڭىزغا ھەقىقەت توغرۇلۇق مۇتلەق گەپ ئاچماڭ ، چۈنكى بۇنداق قىلىش ئىنتايىن ئېغىر گۇناھتۇر .

## 5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى **ھايۋانلارغا ھېسداشلىق قىلىش بىر خىل ئاق كۆڭۈللۈك**

ھايۋانلارغا ھېسداشلىق قىلىش بىلەن ئاق كۆڭۈللۈك ئوتتۇ-رىسىدا شۇنداق زىچ مۇناسىۋەت باركى ، ھەتتا بىر ئادەم ھايۋانلارغا رەھىمسىزلىك قىلسا ، ئۇ ئادەمنى ئاق كۆڭۈل ئادەم بولۇشى مۇم-كىن ئەمەس دەپ كېسىپ ئېيتالايمىز . ھايۋانلارغا ھېسداشلىق قىلىش بىلەن ئادەملەرگە ھېسداشلىق قىلىش ئوخشاشلىققا ئىگە .

— ئارتۇر شوپېنھاۋار

ھايۋانلارنى قىينىماڭلار ، ئۇلاردىن پايدىلىنىڭلار ، لېكىن ئۇ-لار ھېرىپ ـ چارچىغاندا ، ئۇلارنى ئارام ئالدۇرۇڭلار ؛ گەپ قىلال-مايدىغان ئاشۇ ھايۋانلارنى يېتەرلىك ئوزۇق ـ تۈلۈك بىلەن تەمىن-لەڭلار .

— مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

ئىنسانىيەت باشقا ھايۋانلاردىن ئۈستۈن ئەمەس . لېكىن ئۇلار ھەمىشە ھايۋانلارنى ئازابلايدۇ . چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىچە ھايۋانلارغا ھېسداشلىق قىلدۇق دەپ قارىشىدۇ .

— بۇددا ئەقلىيەسى

بالىلىرىڭلارنىڭ قۇرت ـ قوڭغۇزلارنى ئۆلتۈرۈشىگە يول قوي-ماڭلار ، بۇ رەھىمسىزلىككە قاراپ ماڭغان تۇنجى قەدەمدۇر .

— پىفاگور

ھايۋانلارغا بولغان ھېسداشلىق بىز ئۈچۈن شۇنداق تەبىئىي بىر ھالكى، بىز ئەنئەنىۋى ياكى گېپىنى لۇق ماھارىتىگە تايىنىپ، ئۇلارنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى ياكى ئۆلۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمايمىز.

## 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تەقدىرىڭىز ئۆز قولىڭىزدا

ئومۇمەن ماددىي بەخت ئىزدەشكە ئۆرۈنغان ئادەم خاتالاشماي قالمايدۇ.

پۈتۈن دۇنيانى كېزىپ چىقىپ، نىشانىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان يورۇقلۇقنى ئىزدىدىم. كېچەيۇ كۈندۈز ئىزدىدىم، بىردەممۇ ئارام ئالمىدىم. كېيىن بىر دانىشمەن ماڭا ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ بەردى. ئۇ ماڭا ئۆزۈم ئىزدەۋاتقان جاۋابنىڭ روھىمدا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. مەن دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە ئىزدىگەن يورۇقلۇق ئۆز قەلبىمدە ئىكەن.

**— شەرق ئەقلىيەسى**

مەيلى تۇرمۇشتا ياكى تەقدىردە ماس كېلىپ قالىدىغان ئىش بولمايدۇ، ئادەم تەقدىرنى ئۆزى يارىتىدۇ.

**— فرانسوس ئابېل ۋىللمان**

سەن يا ئۆزۈڭنى گۇناھكار قىلىسەن، يا گۇناھدىن خالىي بولۇپ ئۆزۈڭنى پاكلايسەن؛ سەن يا ئەخلاقسىزلىق قىلىسەن، يا رەزىللىشىسەن، يا پاك ـ بىغۇبار ياشايسەن، ئۆزۈڭدىن باشقا سېنى ھېچكىم قۇتۇلدۇرالمايدۇ.

**— «بۇددا ئەمىر ـ مەرۋىلىرى»دىن**

بەدىنىڭ بەجايىكى ياخشىلىق ۋە يامانلىق بىلەن تولغان بىر شەھەردۇر، سەن بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىسەن، ئەقلىڭ سېنىڭ ئەڭ

ياخشى مەسلىھەتچىڭ .

— «ئىنجىل لۇقا»دىن

بىر ئادەمنىڭ بەختلىك ياكى بەختسىزلىكى ئۇنىڭ قانچىلىك ئالتۇن ۋە بايلىققا ئىگە بولغانلىقىغا باغلىق ئەمەس ، بەخت بىلەن ئازاب بىر ئادەمنىڭ روھىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . ئەقىللىق ئادەملەر ھەرقانداق دىياردا ئۆزىنى ئۆز ئۆيىدە تۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ . پۈتكۈل ئالەم ھەممىلا يەردە يۈكسەك روھ ئىگىلىرىگە ماكان ھازىرلايدۇ .

— دېموكرىت

**بىر ئادەم ئۆز روھىدىن نىجاتلىق سورىغاندا ، ئۇنىڭغا ئۆز تىرىشچانلىقىدىن باشقا ھەرقانداق نەرسە ياردەم بېرەلمەيدۇ .**

## 5 – ئاينىڭ 8 – كۈنى **ئۆزىڭىزگە باھا بەرمەڭ**

سىلى رەھىم ۋە كەمتەرلىككە ئوخشاش ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان نەرسە يوق . ھالبۇكى ئۆزىنى كۆز – كۆز قىلىدىغان سىلى — رەھىمدىللىكنى قوغلاشماسلىق كېرەك .

ئەقىللىق ئادەم ئۆزىنى قوغلىشىدىغان يەنە بىر ئادەمگە مۇنداق دەپتۇ : «ناۋادا ماڭا قارىتا قانداق نارازىلىقىڭ بولسا ، بىز شەھەرگە كىرىشتىن بۇرۇن ئېيتقىن ، بولمىسا باشقىلار ئاڭلاپ قالىدۇ ، ئاندىن ئۇلار ساڭا ھۇجۇم قىلىدۇ .»

— مىسىر ئەقلىيەسى

دەريا – دېڭىزلارنىڭ يۈزلىگەن ئېرىق – ئۆستەڭلەرنى سىغدۇرۇپ كېتەلىشى ئۇلارنىڭ تۆۋەن ئورۇندا تۇرۇشقا ماھىر بولغانلىقىدا . شۇڭا ئۇلار ئېقىنلار شاھى دەپ ئاتالغان . ئالىيجانابلار

ئاۋامدىن ئۈستۈن بولۇشتەك ئورنىنى ساقلاپ قالىمەن دېسە، گەپ- سۆزدە كەمتەر ۋە مۇلايىم بولۇش بىلەن باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرۇش كېرەك؛ ئاۋامنىڭ ئالدىدا تۇرۇشتەك ئورنىنى قوغداپ قالىمەن دېسە، ھەرىكەت ئىپادىسى باشقىلارنىڭ كەينىدە بولۇشى كېرەك.

بىر ئەقىللىق ئادەمگە بەزىلەرنىڭ ئۇنى يامان ئادەم دەپ قارايدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلۇپتۇ. ئۇ جاۋابەن: «ئۇلار مېنى زادىلا چۈشەنمەيدۇ، بۇمۇ ياخشى بولغىنى، بولمىسا ئۇلار مېنى تېخىمۇ ئەسكى دېيىشى مۇمكىن ئىدى» دەپتۇ.

**ئىمكانقەدەر ئۆزىڭىزگە باھا بەرمەڭ، بولۇپمۇ ئۆزىڭىزنى باشقىلار بىلەن سېلىشتۇرماڭ، پەقەت تاكامۇللۇق بىلەنلا سېلىشتۇرۇڭ.**

## 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ھەقىقىي گۈزەل ئەخلاق

ھاياتلىق ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش جەريانىدۇر. بۇ جەريان ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك، يەنى بىزنىڭ ماددىي تەرىپىمىزنى ئاجىزلاشتۇرۇشى ۋە مەنىۋى تەرىپىمىزنى كۈچەيتىشى كېرەك.

ياش ۋاقتىمىزدا ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ ئۆگىنىشىمىز كېرەككى، چوڭ بولغاندا تەبىئىي ھالدا ئەقلىمىز ئاشىدۇ دەپ كۈتۈپ تۇرماسلىقىمىز كېرەك.

— ژان.ژاك.روسسو

گۈزەل ئەخلاق باشقا خىسلەتلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ ئۇزۇن بولىدۇ، ھالبۇكى ئۇ ھەمىشە يېڭىدىن باشلايدۇ.

— ئىممانۇئېل كانت



www.uyghurkitap.com

كەپتەرنىڭ رەھىمدىللىكى گۈزەل ئەخلاق ھېسابلانمايدۇ، كەپتەرنىڭ خىسلىتىمۇ بۆركۈتنىڭكىدىن ئۈستۈن تۇرمايدۇ. ھەقىقىي گۈزەل ئەخلاق تىرىشچانلىق ئارقىلىقلا نامايان بولىدۇ.

مەيلى نەگىلا بېرىڭلار، مەيلى قانداق يەردە بولۇڭلار، ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن ئاق كۆڭۈل كىشىلەردىن بولۇشقا، گۈزەل ئەخلاقلىق كىشىلەردىن بولۇشقا تىرىشىڭلار. شۇندىلا، ئاللا كۆللى ئىنسانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان ئاشۇ كۈن يېتىپ كېلىدۇ.
— «قۇرئانى كەرىم»دىن

مۇكەممەللىككە ئاپىرىدىغان ئاشۇ يولدا توختاپ قالماسلىق كېرەك. تاشقى دۇنياغا بولغان قىزىقىشىڭىزنىڭ ئىچكى دۇنيايىڭىزغا بولغان قىزىقىشىڭىزدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان ھامان دۇنيانىڭ ئارقىڭىزغا ئۆتۈۋالغانلىقىنى بايقايسىز.

رېئاللىقتا مەنىۋى نەرسىلەرلا مەۋجۇت، ماددىي دۇنيا بىر خىل خىيالىي تۇيغۇدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

**روھىڭلارنى قۇتۇلدۇرماقچى بولساڭلار، راھەت - پاراغەتلىرىڭلارنى ئۇنتۇپ كېتىڭلار.**

## 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى **روھىيەتلا چىن بولىدۇ**

دەرۋەقە، پەقەت روھىيەتكە تەۋە نەرسىلەرلا چىن بولىدۇ، ھالبۇكى كۆرگىلى ۋە سەزگىلى بولىدىغان ئاشۇ نەرسىلەر پەقەت بىر خىل خىيالىي تۇيغۇدۇر.

ھاياتنىڭ بىزگە بەرگەن ئېھسانلىرى پەقەت بەھرىمەنلىكلا ئەمەس.
**— گوگېل**

بىر ئادەم ئىككى خوجايىنغا خىزمەت قىلالمايدۇ ، ئۇنىڭدىن يىرگىنىمەن ، بۇنى ياقتۇرىمەن دېيەلمەيدۇ ، پەقەت ئۇنىڭغا ئېتىبار قىلىپ بۇنىڭغا سەل قارايدۇ . سىلەر ھەم خۇداغا بەيئەت قىلىپ ، ھەم بايلىققا بېرىلسەڭلار بولمايدۇ .

**— «ئىنجىل مەتتا»دىن**

يىراق كەلگۈسىدىن قارىغاندا ، بىرلا نەرسىنى ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ ، بۇ دەل ئادەم روھىنىڭ ئايلىنىشىدىكى ئوخشاشمىغان شەكىلدۇر . باشقا بارلىق ئىلىملەر بۇ ئاساسىي نەرسىگە يىغىنچاقلىنىدۇ .

**— ھېنرى ئامىيېل**

ئەگەر مۇھەببەت كۆچى ۋە ئەقىل ـ پاراسەتلا بولىدىكەن ، مەن ئىدىيەمنى بىرلا قېتىمدا نۇرغۇن كىشىلەرگە تەقدىم قىلالايمەن ، ئۇلار دەريا ـ دېڭىزلاردىن ھالقىپ ئوخشاشمىغان زېمىنلارغا يېتىپ بارالايدۇ . ئىدىيەمنىڭ ئۆزىلا بىر خىل مەنىۋى كۆچتۇر ، ئۇ نۇرغۇن جايلاردا بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ . ۋاھالەنكى ، مېنىڭ جىسمىم بىر قېتىمدا پەقەت بىرلا جايدا مەۋجۇت بولالايدۇ .

**— لۇتسى مالورى**

**بىزنىڭ قارىشىمىزچە ، ئەڭ ئېنىق ، ئەڭ ئاسان چۈشىنىلىدىغان ۋە ئەڭ ئوچۇق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان نەرسە يوق . باشقا نەرسىلەر ، يەنى ئوچۇق بولمىغان ، بىلگىلى بولمايدىغان ، زىددىيەتلىك ۋە مەۋجۇت بولمايدىغان نەرسىلەر ئەكسىچە مەۋجۇت بولىدۇ .**

## 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى **مۇكەممەللىك**

بارلىق مۇكەممەل ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچلەر مەيلى شەخسلەر ئۈچۈن بولسۇن ، ياكى پۈتكۈل مىللەت ئۈچۈن بولسۇن ، بۇ دۇنيادا

نېمىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېنىقلاش ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى نېمىگە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈندۇر.

قوللىرىم قانچىكى ئاجىز بولغانسېرى، مۇكەممەللىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن شۇنچىكى تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىم كېرەك.

جەننەتكە ئوخشاش مۇكەممەل بولۇڭ، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك پۈتكۈل ئىنسانىيەت تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىدىغان نىشان بولۇشى كېرەك.

قىرغاقتىن ئۇزاپ كەتكەن بىر ئادەم دېڭىزدىكى ئوچۇق سىـ-ـزىقنى ۋە قىيا تاشلارنىلا كۆرەلەيدۇ. لېكىن ماتروسلار قىرغاقتىن ھەقىقەتەنمۇ بەك يىراقلاپ كەتكەن بولسا، ئۇلار ئېگىز ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ۋە كومپاسقا تايىنىپلا يۆنىلىشنى بەلگىلەيدۇ، ھېلىمۇ ياخشى بىزگە بۇ ئىككى خىل قورال نېسىپ قىلىنغانىكەن.

**مەيلى بىر ئادەم قانچىلىك تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالسۇن، ئۇ ئۆزى يېتىپ بارىدىغان مۇكەممەل پەللىنى ئېغىشماي كۆرۈپ تۇرۇشى كېرەك.**

## 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى **تۇرمۇش بىلەن ھەر ۋاقىت «خەيرلىشىپ» تۇرۇڭ**

ھاياتلىق ــ ئۆلۈمگە قاراپ ئۈزلۈكسىز يېقىنلىشىشتۇر، ئۆلۈم گۇناھ دەپ قارالمىغان چاغدىلا، ھاياتلىق ئاندىن بەخت دەپ ئاتىلالايدۇ.

بىز بەزىدە، بۇ يەردە، مەن يامغۇر پەسلىدە ياشاۋاتىمەن، ئۇ يەردە ياز قوينىدا ياشاۋاتىمەن دەيمىز. ئەسەبىي كىشىلەرلا ئاشۇنـ-ـداق ئويلايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۆلۈمنى خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ.

لېكىن ئۆلۈم يېتىپ كەلگەندە بولسا، ئۇ بارلىق كىشىلەرنى: ئالدىراشلارنى، مەلۇم ئىش ئۈستىدىكىلەرنى، نەپسانىيەتچىلەرنى ھەممىدە دېلىغۇللارنى ئۆز دەرگاھىغا ئەكتىدۇ. ئۆلۈم يېتىپ كەلگەندە، مەيلى ئاتا - ئانىڭىز بولسۇن، ئائىلىڭىزدىكىلەر بولسۇن ياكى يېقىن - يورۇقلىرىڭىز بولسۇن، ھېچقايسىسى سىزگە ياردەم بېرەلمەيدۇ. بۇ قائىدىنى چۈشەنمىگەن ئەقىللىق ئادەم ھەمىشە تىنچلىق يوللىرىنى ئىزدەيدۇ.

— بۇددا ئەقلىيەسى

ئادەم ھەمىشە ئىككى مۇشتۇمىنى تۈگۈپ دۇنياغا چۈشىدۇ، گويا: «دۇنيا مېنىڭ» دېمەكچىدەك بولىدۇ. ئادەم ھەمىشە ئىككى قولىنى كېرىپ بۇ دۇنيادىن ئايرىلىدۇ، گويا: «قاراڭلار، مەن ھېچنېمىنى ئەكەتمىدىم» دېمەكچىدەك بولىدۇ.

— «تالمۇد»دىن

تۇرمۇشقا ھەر ۋاقىت «خوش» دېيەلەيدىغان بولۇشىڭىز كېرەك، خۇددى ئۇنىڭ سىزگە ئاتا قىلغان ۋاقتى كۈتۈلمىگەن خۇشاللىققا ئوخشاش.

— ماركۇس ئاۋرېلىيۇ

ھاياتىڭىز چەكسىز ۋاقىتنىڭ كىچىككىنە بىر بۆلىكىلا خالاس. شۇڭا، سىز جەزمەن دىققەت قىلىشىڭىز كېرەك ھەم ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىشىڭىز كېرەك.

— سەئىد بىننى ھامىدىن

سەمىڭىزدە بولسۇنكى، سىز بۇ دۇنياغا ماكانلاشمىدىڭىز، بەلكى ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ كەتتىڭىز.

5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى **ھەقىقەتكە قانداق ئېرىشىش كېرەك**

ئاقىللار ھەمىشە ئۆزىگە سوئال قويىدۇ، گالۋاڭلار ھەمىشە باشقىلارغا سوئال قويىدۇ.

— جۇڭگو ئەقلىيەسى

روھ ئۆگەنمەيدۇ، پەقەت بىلگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېسىدە چىڭ ساقلايدۇ.

— دوۋد يېلدىنگ كاففېر

ئاقىللار ھەرقانداق ئىشتىن ئۆزىگە تېيەك ئىزدەيدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ نېمىتى بارلىق ئىشلاردىن پايدىغا ئېرىششتە.

— جون رۇسكىن

ئۆزۈڭدىن باشقا ھېچنېمە ساڭا تىنچلىق بەخش ئېتەلمەيدۇ.

— رالف ۋالدۇ ئېمېرسون

پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ تەپەككۇرى ۋە ئۆزىڭىزنىڭ ئەقلىي پائالىيىتى ئارقىلىق ئېرىشكەن ھەقىقەتلا ۋۇجۇدىڭىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنالايدۇ، ھالبۇكى پەقەت مۇشۇنداق ھەقىقەتلا بىزگە ھەقىقىي مەنسۇپ بولىدۇ.

— ئارتۇر شوپېنھاۋار

**ئۆلۈش ۋە تۇغۇلۇش مەسىلىسىنى ھەربىر ئادەم ئۆزى ھەل قىلىشى كېرەك.**

5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى **دۇنيا بىر تۇخۇم شاكىلى**

روھنىڭ بىلمەيدىغىنى يوق، ئۇنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ھېچ-

www.uyghurkitap.com

قانداق يېڭى شەيئى يوق . ئۇنىڭدىن بۈيۈك ھېچنېمە يوق . باشقا نەرسىلەر قورقۇنچ ھېس قىلىدۇ ، لېكىن روھ ھېچقانداق نەرسىدىن قورقمايدۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ پىرىنسىپى بويىچە ياشايدۇ . ئۇ ئالەمدىنمۇ چوڭ ، ۋاقىتتىنمۇ قېرى . ئۇ تۇرمۇشتىكى ئاپەتلەرگە تاقابىل تۇرالىغۇدەك جاسارەتكە ئىگە .

— رالف ۋالدو ئېمېرسون

سىز ئاللىكىملەرنى روھىڭىزنى نابۇت قىلالايدۇ دەپ قارامسىز؟ ئۇنداقتا ، نېمىگە گاڭگىرايسىز؟ مەن مېنىڭ روھىمنى نابۇت قىلىشقۇچىلەيمىز دەپ قارايدىغان ئاشۇ كىشىلەرنى تولىمۇ كۈلكىلىك ھېس قىلىمەن . ئۇلار مېنىڭ كىملىكىمنى بىلمەيدۇ ، نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ ، ھەتتا مەن تىرىكچىلىكتە تايىنىدىغان ، ماڭا ھەقىقىي مەنسۇپ بولغان نەرسىلەرنىڭ تېگىگە يېتەلمەيدۇ .

— ئېپپىكتىت

بۇ دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر ماڭا مەنسۇپ . يارىتىش ۋە بۇزۇش مېنىڭ خاھىشىم بويىچە يۈز بېرىدۇ . نۆۋەتتىكى بۇ دۇنيا پەقەت بىر تۇخۇم شاكىلىلا ، خالاس ، لېكىن مەن بولسام تۇخۇمنىڭ سېرىقىدۇرمەن .

— پارس ئەقلىيەسى

«قانداق» ۋە «نېمە ئۈچۈن» دېگەن بۇ ئىككى ئەقلىي مەسىلىنى كەپتەرلەر ئەسلا سورىمايدۇ ، بەلكى مەن مۇھەببەتكە ۋەكىللىك قىلىمەن دەيدۇ . ئۇ قارشى تەرەپنى مەمنۇن قىلىدۇيۇ ، سوئال قويمايدۇ .

ھەرقانداق ئادەم ۋە ھەرقانداق ئىشتىن ۋايىسىم يېمەڭلار ، ۋۇجۇدۇڭلاردىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىنى يوقىتىۋېتەلەيدىغان ئاللىقانداق ئادەم ۋە ئاللىقانداق نەرسە يوق .

5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى **سەممىمىي ئادەم بولۇڭ**

ھەقىقەت ــ گۈزەل ئەخلاق ئەمەس، بەلكى گۇناھسىزلىق.

دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ۋە كەڭ قوللىنىلىدىغان ئالدامچىلىق قىلمىشى باشقىلارنى ئالداش ئۈمىدى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى ئالداشتۇر. بۇنداق تۇرمۇش ئەڭ زىيانلىقتۇر.

ئالدامچىلىقتا ئاپىرىدىغان يول نۇرغۇن، ھالبۇكى ھەقىقەتكە ئاپىرىدىغان يول پەقەت بىرلا.

— ژان .ژاك .روسسو

ئادەم دەتالاشسىز ھەقىقەتكىلا ئېتىقاد قىلىش كېرەك.

— كۇڭزى

سەممىمىيلىك ھەممىلا يەردە ئۆتىدىغان بىردىنبىر ئاقچىدۇر.

— جۇڭگو ماقالى

بىز چوقۇم سەممىمىي ئادەم بولۇشىمىز كېرەك. سەممىمىيلىك ئىستىلىستىكا بىلەن گۈزەل ئەخلاقنىڭ سىرى، يەنە كېلىپ ئەڭ چوڭ سىرى، سەنئەتتىكى ئەڭ يۇكسەك مۇۋەپپەقىيەت ۋە تۇرمۇشتىكى ئاساسلىق مىزان.

— ھېنرى ئامىيېل

**سىز دائىم ئۆچرىتىپ تۇرىدىغان خاتالىقنىڭ بىرى ــ ھەقىقەت بولمىسىمۇ ئوخشاشلا ياشاۋېرىمەن دەپ قارىشىڭىزدۇر. ئەڭ ئەرزىمەس يالغانچىلىق بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ پەيدا قىلىدىغان ئىچكى- تاشقى ئاقىۋەتلەر راست گەپنى بىۋاستە ئېيتىش تۈپەيلى كېلىپ چىقىدىغان كۆڭۈلسىز ئاقىۋەتلەردىن كۆپ زىيانلىق بولىدۇ.**

5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى **ئېتىقادسىزلىق**

ئېتىقاد بولمىسا، ئىنسانىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

ئېتىقاد بىلىملىك بىر ئادەمنىڭ دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىكى زۆرۈر ئېھتىياجى ۋە ئالدىنقى شەرتى.

بىر ئادەمنىڭ دىنىي ئېتىقاد ھېسسىياتى قانچىكى كۈچلۈك بولغانسېرى، بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتتىكە نېمىنىڭ يېتەكچىلىك قىلىدىغانلىقىنى ۋە نېمىنىڭ يېتەكچىلىك قىلسا بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ.

پۈتۈنلەي ئۈستۈلچىلار بىلەن تولغان بىر زالدا، ئىككى قولىقىڭىزنى ئېتىۋېلىش ئىنتايىن تەس؛ شۇ تاپتا سىزنى بىر دالدىگاھتا دەپ تەسەۋۋۇر قىلايلى. ئۆزىنىڭ دىنىي ئەخلاقىنى بۇزغان بىر ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا، باشقىلارنىڭ بارلىق دىنىي ھەرىكىتى ئوخشاش بىر خىل تەسىراتنى شەكىللەندۈرىدۇ. بىراق، ئۆزىڭىزنى مۇتلەق كۆپ ساندىكى دىنىي ئېتىقادلىق كىشىلەردىن ئەقىللىق چاغلىشىڭىز ئىنتايىن خەتەرلىكتۇر.

— ھېنرى ئامىيېل

دىن ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى تەسىر كۈچىنى يوقاتتى دەپ قارايدىغانلار دائىم بار. بۇنداق قاراش توغرا ئەمەس، توغرا بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق قاراشلار شۇنىڭ ئۇچۇن پەيدا بولىدۇكى، بۇنداق تونۇشتىكى كىشىلەر ئاز بىر قىسىم كىشىلەرنىلا كۆرگەن، ھالبۇكى جەمئىيەتتە دىنىي ئېتىقادى يوق كىشىلەر ھەمىشە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

**ئەگەر بىر ئادەمدە مەسىلە بولسا، ئۇنىڭ پەقەت بىرلا سەۋەبى بولىدۇ: ئېتىقادسىزلىق. بۇ سەۋەب پۈتكۈل ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ.**

## 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى گۈزەل ئەخلاق يېتىلدۈرىدىغان مەكتەپ

ھاياتىكى ئەڭ زور خۇشاللىق فرانسىس ئاتىسىنىڭ ئەسەرلىرى، يەنى ھەممىگە سەۋر قىلىشتۇر، ھەتتا تۆھمەت ۋە جىسمانىي ئازابقىمۇ سەۋرى قىلىشتۇر، ئاخىرىدا سىز بۇ ئازابلاردىن يىرگەنمەيدىغان، ھەتتا خۇشاللىق ھېس قىلىدىغان بولىسىز، چۈنكى سىز ئاللىبۇرۇنلا ئېتىقادقا ئىگە بولغانسىز، مەيلى قەيىھ كىشىلەر ياكى ئۆزىڭىزنىڭ ئازابى بولسۇن، بۇنداق خۇشاللىقنى ئەسلا يوقىتىۋېتەلمەيدۇ.

پەزىلەتلىك ھەقىقەتەن يۇقىرى ئادەم، يا خىسلىتىنى باشقىلارغا بىلدۈرمەيدۇ، يا كىشىلەر تەرىپىدىن خاتا چۈشىنىلىدۇ، لېكىن ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ.

— جۇڭگو ئەقلىيەسى

ئۇلار سېنى ئەيىبلىگەن، تىللىغان ۋە ساڭا باھا بەرگەن چاغدا، خۇشال بولۇشۇڭ كېرەك؛ ئۇلار سېنى ماختىغان ۋە سەندىن زوقلانغان چاغدا ھەسرەتلىنىشىڭ كېرەك.

تۆھمەت ۋە يالغان نام ـ ئاتاقنى سەن بىتچىت قىلىۋېتەلەيسەن، بىراق ئۇلار گۈزەل ئەخلاق يېتىلدۈرىدىغان ئەڭ ئاخىرقى مەكتەپتۇر.

**باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشىدىن ۋە تەنقىدىدىن بىئارامىلىق**

ھېس قىلىشىڭىز مۇمكىن. بىراق ئۇلار تەربىيەلىنىش ئەھۋالىڭىزنى تەكشۈرىدىغان بىردىنبىر قورالدۇر، شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، بۇ ھەم بەك قىممەتلىكتۇر.

### 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى **مۇقەددەس سۆيگۈ**

خاسلىقىڭىزنى تاشلاڭ، باشقا بىر ئادەمنىڭ كۆزلىرى بىلەن كۆرۈڭ، باشقا بىر ئادەمنىڭ قۇلىقى بىلەن ئاڭلاڭ، ئىككى ئادەم بولسىمۇ يەنىلا بىر ئادەم دەپ بىلىڭ، شۇنداق يۇغۇرۇلۇپ كېتىڭكى، ھەتتا ئۆزىڭىزنىڭ كىملىكىنى ياكى باشقا بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەي قېلىڭ، توختىماي نەپەس ئېلىڭ، توختىماي بېغىشلاڭ؛ زېمىن، دېڭىز، ئاسمان ۋە ئۇلاردىكى بارچىكى نەرسىلەر بىر يەككە جانلىققا ئايلانسۇن. ئۆزىڭىزنى ئاشۇ جانلىققا ئايىماي بېغىشلاڭ، ھېچنېمىنى ئېلىپ قالماڭ، ھەر ۋاقىت ئۆزىڭىزنى تەسەددۇق ئەيلەشكە رازى بولۇڭ، ئادىمىيلىكىڭىزنى ئۇنىڭغا بەخشەندە قىلىڭ — مانا بۇ سۆيگۈ ـ مۇھەببەتتۇر.

**— گاۋدىي**

ئىختىرا — كەسكىنرەك قىلىپ ئېيتقاندا، پەقەت ئىلگىرى تونۇلغان ۋە ساقلانغان خاتىرىلەردىكى ئوبرازلارنىڭ يېڭىدىن بىرىكتۈرۈلۈشىدۇر. ھەرقانداق شەيئى قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق بارلىققا كەلمەيدۇ. ھېچقانداق ماتېرىيال يىغمىغان ئادەم ھېچنېمىنى بىرىكتۈرەلمەيدۇ. شۇڭا، ئاشۇ مۇنەۋۋەر شەخسلەرنىڭ ئەسەرلىرىگە بولغان تونۇش دائىرىڭىز قانچىكى كەڭ بولسا، سىزنىڭ ئىختىراچىلىق ئىقتىدارىڭىزنىڭ دائىرىسى شۇنچە كەڭ بولىدۇ، يەنە كېلىپ تەپەككۇرىڭىزمۇ شۇنچە بەك ئىجادچانلىققا ئىگە بولىدۇ.

**— جشۋا رېينولد**

**پاكىتنى مۇنازىرە قىلغىلى بولمايدۇ، ھەربىر ئادەم**

ھاياتىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ۋاقتىنى ئۆز تالانتىنى جارى قىلدىغان ماتېرىياللارنى توپلاشقا سەرپ قىلىشى كېرەك.

## 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئۆزئارا نەپ يەتكۈزۈش پىرىنسىپى

بارچە ئەقىدە ئوخشاش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان.

كىشىلەر گويا سودا، كېلىشىم، سۆھبەت، ئۇرۇش، ئىلىم-پەن ۋە سەنئەت ئىشلىرى بىلەن تولىمۇ ئالدىراشتەك قىلىدۇ. لېكىن، ئەمەلىيەتتە كىشىلەر قىلمىسا بولمايدىغان ئىش پەقەت بىرلا: يەنى ئۇلار تۇرمۇشتا رىئايە قىلىدىغان ئەخلاقىي پىرىنسىپلارنى ئەستايىدىل چۈشىنىش. بۇ خىل چۈشەنچە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ دىققەت-ئېتىبارىغا تېگىشلىك بولۇپلا قالماي، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىگە ئەرزىيدىغان مەسىلىدۇر.

بىر ئادەم بىر ئاقىلدىن: «ھاياتىڭىزدا ئەقىدە قىلىدىغان بىرەر سۆز بارمۇ؟» دەپ سوراپتۇ. ئاقىل: «بىر سۆز بار، يەنى ‹يىغىلماق›» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى شۇكى، ئەگەر بىز باشقىلارنىڭ بىزگە يامانلىق قىلىشىنى ئۈمىد قىلمايدىغان بولساق، ئۇنداقتا بىز ئۇلارنى ئۇنداق قىلدۇرماسلىقىمىز كېرەك.

— جۇڭگو ئەقلىيەسى

سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھەرىكەت شەكلىڭىز بىلەن ھەرقانداق ئادەمگە: «ماڭا ئوخشاش قىلىڭ» دېيەلىشىڭىز كېرەك.

— ئېممانۇئېل كانت

ھەقىقىي ئىشەنچلىك ۋە ئۆزگەرمەس پىرىنسىپ بىزنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان ۋە بىزنىڭ يامان ئىش قىلىشىمىزنى چەكلەيدى-

غان پىرىنسىپتۇر . بۇ دەل بىر ئالىي ئىنساننىڭ ئەقلىدۇر .

ــ ستېبىرو

**باشقىلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغاندا ، ئۆزئارا تەپ يەتكۈزۈش پىرىنسىپىنى يادىڭىزغا ئېلىڭ . سىز باشقىلارنى ئۆزىڭىزگە نېمە قىلدۇرماقچى بولسىڭىز ، سىزمۇ باشقىلارغا شۇنى قىلىپ بېرىشىڭىز كېرەك . بۇ سىزنىڭ تۇرمۇش شەكلىڭىزگە ئايلانغاي .**

5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى **روھى ئەركىن ئادەم بولۇڭ**

بىر ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا ، بىر هايۋان ئۇچۇن ئېيتقاندا ، ئەمەلىيەتتە هەرقانداق بىر جانلىق ئۇچۇن ئېيتقاندا ، «ئەركىنلىك» دېگەن بۇ سۆز هەم مەنتىقىسىز ، هەم مەنىسىز تۇيۇلىدۇ ، چۈنكى بارلىق جانلىقنىڭ هاياتى نۇرغۇنلىغان چەكلىمىلەرگە ئۇچرايدۇ . لېكىن ، بىر ئادەم ئۆزىنى بىر خىل مەنىۋى مەۋجۇدىيەت دەپ چۈشەنسە ، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئۆزىنى ئەركىن ئەمەس دەپ جاكارلىشى مۇمكىن ئەمەس : «ئەركسىز» لىك دېگەن بۇ ئۇقۇمنى ۋىجدان ، ئىنساپ ۋە مۇهەببەتكە تەتبىقلىغىلى بولمايدۇ .

سەمىمىڭىزدە بولسۇنكى ، سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە بولغان ئوبيېكتىپ چۈشەنچىڭىز هاياتىڭىزنىڭ ئەهمىيىتىنى بەلگىلەيدۇ . ئەگەر سىز ئۇنى جىسمانىيىتىڭىز ئۇچۇن پايپېتەك بولۇشقا مەجبۇرلىمىسىڭىز ، ئۇ سىزنى ئەركىنلەشتۈرۈۋېتىدۇ . ئادەمنىڭ روھى كىشىلەرنىڭ چۈشىنىش ئىقتىدارى ئارقىلىق رىغبەتلەندۈرۈلۈپ ، هېسسىياتتىن خالىي بولۇپ چىقىدۇ ـ دە ، مۇستەهكەم ئاساسقا ئىگە بولىدۇ .

هەقىقەتنى بىلىشكىلار كېرەك ، هەقىقەت سىلەرنى جەزمەن

ئەركىن قىلىدۇ .

— «ئىنجىل يوھەننا»دىن

يامانلىق ئەمەلىي شەكىل بىلەن مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدۇ . لېكىن ئۇ ئاق كۆڭۈللۈكنى چۈشىنىدۇ ھەمدە ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئارىسىدا ئەركىن تاللايدىغان ئادەمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ .

— ماركۇس ئاۋرېلىيۇ

ئالىي پەزىلەتلىك ئادەم بولسا ، روھى ئەركىن ئادەم بولغىلى بولىدىغانلىقىنى بىز ناھايىتى ئېنىق چۈشىنىمىز . ئۇمىدسىزلىك ، تىت - تىتلىق ۋە قورقۇنچ ھېس قىلىپ ياشايدىغان ئاشۇ كىشىلەر ياكى ھېس - ھاياجىنىغا قامىلىپ قالغان ئاشۇ كىشىلەر روھىنى ئەركىن قويۇۋېتەلمەيدۇ .

— كۆڭزى

ئەركىنلىكنى ئىنكار قىلغان كىشىلەر ماڭا رەڭنى ئىنكار قىلىدىغان ئەمالارنى ئەسلىتىدۇ . ئۇلار ئەركىنلىكنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەيدۇ .

5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى **ياخشى ئىش قىلىدىغان پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەڭ**

بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرىمەن دېسىڭىز ، بەختكە ئىنتىلىپ بېقىڭ .

سىز ئاكتىپ ۋە گۈزەل ھەرىكىتىڭىز بىلەن يېتىپ كەلگەن ھەربىر يېڭى كۈننى قۇتلۇقلىشىڭىز كېرەك . بۇ يېڭى بىر كۈننى باشلاشنىڭ ئەڭ ياخشى شەكلى .

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆز ئەمەلىيىتىدە يولغا قويمىغۇچە، ياخشىلىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلگەن ھېچقانداق ئادەم بولمايدۇ.

— خارريوت مارتىنو

خۇدا نامراتلارغا خەير - ساخاۋەت قىلغان كىشىلەرگە جەننەتتىن مېھىر - مۇھەببىتىنى يەتكۈزىدۇ. شۇنداق قىلىپلا قالماي، نامراتلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارغا سەمىمىيلىك بىلەن «خەير - خوش» دېگەن كىشىلەرگە ھەسسىلەپ بەخت ياغدۇرىدۇ.

— «تالمۇد»دىن

ياخشى ئىش قىلغان ۋاقتىڭىزدا، مۇشۇنداق قىلىش نېسىپ بولغانلىقى ئۈچۈن مىننەتدار بولۇشىڭىز كېرەك.

ھەر كۈنى دوستلىرىڭىز ۋە ھەقەمسايىلىرىڭىز ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىش كېرەكلىكىنى، كۆچىڭىزنى ئايىماسلىقىڭىز لازىملىقىنى ھېس قىلىشىڭىز ۋە قەتئىي شۇنداق قىلىشىڭىز كېرەك. شۇنداق قىلسىڭىزلا بولىدۇ، لېكىن ئۇ ھەقتە گەپ قىلىشقا بولمايدۇ.

— جون رۇسكىن

**ياخشى ئىش قىلىش ئىمكانىيىتى تېپىشنى بىلمىسىڭىز، ئىمكانىيەت يار بەرگەن ھەربىر سورۇندا ياخشى ئىش قىلىشنى بىلمىسىڭىز، ئۇنداقتا ياخشى ئىش قىلىدىغان پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىمەك.**

## 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى **ھاياتلىق جەريانى**

دۇنياۋى بۈيۈك ئۆزگىرىشلەر ئاستا ۋە تەدرىجىي يۈز بېرىدۇ، ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ۋە ئىنقىلاب شەكلىدە يۈز بەرمەيدۇ. ئادەم-

نىڭ مەنىۋى ئۆزگىرىشىمۇ مۇشۇنداق بولىدۇ .

بارلىق بۈيۈك ئىدىيەلەرنىڭ ھەممىسى ھاياتلىق ھەققىدىكى ئىدىيەلەردۇر ، ئۇلار ئۆسۈپ يېتىلىدۇ ، ئۆزگىرىدۇ ، خۇددى دەرەخكە ئوخشاش چوڭ بولىدۇ ۋە ئۆزگىرىدۇ ، ھەرگىزمۇ بۇلۇتقا ئوخشاشمايدۇ .

— جون رۇسكىن

ھاياتلىق جەرياني روھنىڭ ئاپىرىدە بولۇش جەريانىدۇر . بۇ ئەڭ ئالىي دەرىجىدىكى كىمياگەرلىك بولۇپ ، بىزنىڭ يەر شارىدىكى مەۋجۇتلوقىمىز ئۇچۇن ھەققانىي سەۋەب تەييارلايدۇ . مانا بۇ بىزنىڭ كەسپىمىز ۋە گۈزەل ئەخلاقىمىزدۇر .

— ھېنرى ئامىيىل

ھاياتىمىز بىر خىل ئۇزۇلمەس مۆجىزىدۇر ، بىر خىل ئۆسۈپ يېتىلىش ۋە تەرەققىيات جەريانىدۇر .

— لۇسىي مالورى

ئۆز تاكامۇللۇقىڭىز ئۇچۇن ئېتىقاندا ، ناھايىتى ياخشى قىلىپ بولدۇم دەپ قاراشتىنمۇ ئارتۇق زىيانلىق نەرسە يوق . بەختكە ئاپىرىدىغان يول ۋە ھەقىقىي ئەخلاقىي تەرەققىيات يولى شۇ قەدەر يوشۇرۇن ، پەرق ئېتىش شۇ قەدەر تەسكى ، ئادەم ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىنلا ئۆز مۇۋەپپەقىيىتىنى ئاندىن كۆرەلەيدۇ .

ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى تاكامۇللاشتۇراتىمەن دەپ قارىسىڭىز ھەمدە بۇ نۇقتىغا دىققەت ـ ئېتىبارىڭىزنى ئاغدۇرسىڭىز ، ئۇ ھالدا ئاللىقاچان يېڭىلىشقانلىقىڭىزنى ، ئالغا ئىلگىرىلىمەي چېكىنىشكە باشلىغانلىقىڭىزنى بىلىشىڭىز كېرەك .

www.uyghurkitap.com

پەۋقۇلئاددە ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاستا ۋە پەرق ئەتـ-
كۈسىز تەرزدە يۈز بېرىدۇ.

5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى **مۇۋاپىقلىقنى ساقلاڭ**

تۇرمۇشتا، بىز كىچىككىنە ھاسىلاتلىرىمىز ئۈچۈن شۈكرى ـ قانائەت قىلىشىمىز كېرەك. ئېھتىياجىمىز كىچىك بولغانسېرى ئاۋارىگەرچىلىكلىرىمىزمۇ شۇنچە ئاز بولىدۇ.

ئارزۇ قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىش ئەڭ زور بەختتۇر؛ لېـ-
كىن ئېرىشكەندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تەمەسىدە بولـ-
ماسلىق تېخىمۇ زور بەختتۇر.

— موندېمۇس

ئەقىللىق ئادەم كىم؟ — ئۆگىنىشنى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇمىـ-
غان ئادەم.
كۈچلۈك ئادەم كىم؟ — ئۆزىنى يىغالىغان ئادەم.
باي ئادەم كىم؟ — ئېرىشكەنلىرىدىن خۇشاللىق ھېس قىلاـ-
لىغان ئادەم.

— «تالمۇد»دىن

ئۇن كۆلكىنىڭ بىر يىغىسى بار، گۈلنىڭ تىكىنى بار. مۇۋاپىق خۇشاللىقنى ساقلىيالىغان ئادەم خەۋپسىرىمەيدۇ ھەم ھەسرەتلەنمەيدۇ.

— بۇددا ئەقلىيەسى

ئەركىنلىككە ئېرىشكەندىن كېيىنكى خۇشال كەيپىيات پادىـ-
شاھدىنمۇ ئەۋزەلدۇر؛ جەننەتتىنمۇ گۈزەلدۇر، پۈتكۈل دۇنياغا
ئىگە بولۇشتىنمۇ مۇھىمدۇر.

— بۇددا ئەقلىيەسى

ئارزۇ ـ ھەۋەسنىڭ كۈچىيىشى مۇكەممەللىكنى ئىشقا ئاشۇ-رۇشتىكى چارە ئەمەس ، گەرچە نۇرغۇن كىشىلەر شۇنداق قارىسى-مۇ . ئەكسىچە بىر ئادەم ئۆزىنى قانچە يىغالىسا ، ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى شۇنچە بەك چۈشىنەلەيدۇ ، شۇنچە ئەركىن بولالايدۇ ، ئىش ـ ھەرىكەتتە شۇنچە باتۇرلۇق قىلالايدۇ .

**تەبىئىي ئېھتىياجىڭ ئەسلىدە بەك ئاز ، لېكىن قەلب ئېھتىياجىڭ بەك كۆپ .**

## 5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى **مۇھەببەت بولۇش كېرەك**

ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇشتىكى مەقسىتى ، بارلىق ئىپادىلە-نىش شەكىللىرى ئارقىلىق سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنى ئىزھار قىلىش .

بەختنى ھېس قىلىمەن دەيدىكەنسىز ، سىزدە مۇھەببەت بو-لۇش كېرەك — بارلىق كىشىلەرنى ۋە بارلىق شەيئىلەرنى پەيدا-كارلىق بىلەن سۆيۈشىڭىز ، مۇھەببەت تورىڭىزنى ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارغا يېيىشىڭىز كېرەك . مەيلى بۇ تورغا كىم چۈشسۇن ، سىز ئۇنى تارتىپ ، مۇھەببىتىڭىزنى تەقدىم قىلىشىڭىز كېرەك .

ھەممە ئادەم مۇستەسناسىز ھالدا باللىق دەۋرىنىڭ مەلۇم مەزگىللىرىدە ھەربىر ئادەم ۋە ھەربىر شەيئىنى ، جۈملىدىن ئاتى-سى ، ئانىسى ، قېرىنداشلىرى ، ئەسكى ئادەم ، ئىت ، مۈشۈك ، ئوت ـ چۆپ چاغلىق ھەممە نەرسىنى ياخشى كۆرگەنلىكىنى ، يەنە كېلىپ ھەربىر ئادەمگە كۆڭۈللۈك ھېس قىلدۇرماقچى بولغانلىقى-نى ، ھەربىر ئادەمگە بەختلىك ھېس قىلدۇرماقچى بولغانلىقىنى ئەسلەپ بېرەلەيدۇ . بۇنىڭدىن باشقا ، سىز يەنە بارلىق كىشىلەرنى

خۇشال قىلماقچى بولۇپ، باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاشمايدىغان ئۆزگىچە ئىشلارنى قىلماقچى بولىسىز، ھەممىلا ئادەم بەختلىك ۋە خۇشال بولسۇن دەپ، ھەتتا ئۆزىڭىزنى قۇربان قىلىسىز، ھاياتىڭىزنى تەقدىم قىلىسىز. ئۇ چوقۇم ئەجرىنىڭ مېۋىسىنى كۆرىدۇ، چۈنكى ھەربىر ئادەمنىڭ ھاياتىغا مۇشۇنداق ھېسسىيات يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

**ھەرقانداق ئىشنى قىلغاندا تولۇپ تاشقان مېھىر - مۇھەببەت بىلەن قىلىڭ.**

## 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى قايتا - قايتا ئويلىنىپ ئاندىن ئېغىز ئېچىڭ

يامانلارنى ھەرگىز دورىماڭ. قولۇم - قوشنىلىرىڭىزنىڭ باشقىلارنى قارىلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىسىڭىز، كۈچىڭىزنىڭ بارىچە ئۇنى توسۇڭ.

— «مۇقەددەس ئىدىيەلەر»دىن

ئىنساپلىق كىشىلەر ھەقەمسايىلىرىنى ئەيىبلەش ۋە مەسخىرە قىلىش يۈزىسىدىن قۇۋ - نەيرەڭلىك باھالارنى بېرىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق ۋەسۋەسىدىنمۇ ئۆتەر زىيانلىق نەرسە يوق.

باشقىلارنى كۈلكە دەستىكى قىلىش ھەمدە باشقىلارنى ئەيىبلەش ۋە مەسخىرە قىلىش، خۇددى مۇردىنى ئېسىل تېتىتقۇلارغا ئوراپ، ئاندىن ئۇنى بىر خىل ئېسىل تائام سۈپىتىدە ئىستېمال قىلغانلىقتۇر. ئەگەر بۇنداق تېتىتقۇ بولمىسا، سىز بېشىڭىزنى بۇراپلا كېتىپ قېلىشىڭىز مۇمكىن، لېكىن بۇ خىل تېتىتقۇلار بولغاندا، سىز ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلەشتۇرىدىغان بۇ ئېسىل تائامنى قىينالمايلا يۇتۇۋېتەلىكىڭىزنى بايقايسىز.

گەپ قىلىشتىن بۇرۇن، جەزمەن قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ ئاندىن ئېغىز ئېچىڭ، مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن تىنچلىنالاي-سىز، مۇلايىم ۋە مېھىر ـ مۇھەببەتلىك بولالايسىز. قانچە تىت-تىت بولسىڭىز، شۇنچە ئاسان ھاياجانلىنىسىز، باشقىلارغا ئاھانەت قىلىپ، كۆپۈرگەپ قىلىپ سېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، شۇنچە-كى ئېھتىيات قىلىشىڭىزغا توغرا كېلىدۇ.

**كىشىلەرنى ئۆنى ـ بۇنى دەپ ئەيىبلەشكە ئامراق ھەم سىزنى كۆپتۈرۈپ باھا بېرىدىغان كىشىلەرنىڭ گېپىگە ئەسلا قۇلاق سالماڭ.**

## 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى **ئۆلۈمگە توغرا مۇئامىلە قىلىڭ**

مەرھۇملارنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى تىرىكلەر ئۈچۈن بىر خىل قۇدرەتلىك كۈچتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن دۇرۇس ياشاش ۋە دۇرۇس ئۆلۈش كېرەك، بۇنىڭ ھەر ئىككىسى ئىنتايىن مۇھىم.
**—— ھېنرى ئامىيېل**

ئۆلۈم ئالدىدىكى شۇ قىسقىغىنە دەقىقىدە، ئادەم بىر شامنى كۆرىدۇ، شام يورۇقىدا ئۇ ئۆمۈرلۈك ھايات كىتابىنى ئوقۇۋاتقان بولىدۇ. بۇ كىتابتا يالغانچىلىق، گۇناھ، قازايىقەدەر دېگەندەك تۈرلۈك مەسىلىلەر خاتىرىلەنگەن بولىدۇ. جان تۇمشۇققا كەلگەن سەكرات ئالدىدىكى ئاشۇ قىسقا پەيتتە، بۇ شام ئىنتايىن يورۇق ۋە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان دەرىجىدە چاقناپ، پۈتكۈل دۇنيانى يو-رۇتۇۋېتىدۇ، بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى، ھەتتا ئىزچىل قاراڭغۇلۇق بېسىپ كەلگەن بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارنىمۇ يورۇ-تىدۇ، ئاندىن گۇگۇرىغاندەك بىر خىل ئاجىز ئاۋاز چىقىرىدۇ ـ دە، شام نۇرى ئۆچىدۇ، ئەبەدىلئەبەد ئۆچىدۇ.

بېشىڭىزغا ئۆلۈم كەلگەندە ، ئادەتتىكى ئىشلاردىن ، يەنى تۇر-لۇك مۇراسىملارغا قاتنىشىش ۋە كۈندىلىك ئىشلاردىن خەۋەر ئې-لىش دېگەندەك ئادەتتىكى ئىشلاردىن ۋايىم يېمىسىڭىزمۇ بولىدۇ ، سىز ئەڭ ئېسىل شەكىلدە دۇنيا بىلەن ۋىدالىشىش تەييارلىقىنى كۆرۈپ قويۇشىڭىز كېرەك .

**بىر ئادەمنىڭ مەۋجۇدىيىتى ئۇ دۇنياغا قىسمەن مەن-سۇپ بولغاندا ، ئۇ ئۆلۈم ئالدىدىكى ئاشۇ ھالقىلىق پەيتتە پەيدا بولىدىغان مۇھىم تەسىردىن تولۇق پايدىلىنىشى كې-رەك . چۈنكى ئۇنىڭ بۇ چاغدىكى گەپ - سۆزلىرى ۋە ئىش - ھەرىكىتى بۇ دۇنيادا قالغان كىشىلەر ئۇچۈن پەۋقۇلئاددە مۇھىم كۈچ بولۇپ قالىدۇ .**

## 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ھەقىقەت ئاددىي بولىدۇ

ئادەتتە ، ئادەم چوڭ مېڭىسىنىڭ بارلىق پائالىيىتى ھەقىقەتنى ئېچىشقىلا سەرپ قىلىنمايدۇ ، بەلكى ھەقىقەتنى يېپىشقىمۇ ئىشلى-تىلىدۇ . ئادەم چوڭ مېڭىسىنىڭ بۇ خىل تەسىرىنى جارى قىلدۇ-رۇشتىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارى بىزنىڭ قايمۇقۇشىمىزدىكى ئاساس-لىق سەۋەبتۇر .

سوت زاسپداتېلار ئۆمىكىنىڭ ۋەزىپىسى جەمئىيەتنىڭ نۆۋەت-تىكى مەۋجۇتلۇق شەكلىنى ساقلاش . شۇڭا ئۇ جەمئىيەتتىكى ئاد-دىي تەبىقىلەرنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغان كىشىلەرگە زەربە بېرىدۇ ، ئاددىي تەبىقىلەرنىڭ ئاستىدىكى كىشىلەرنى قوغدايدۇ .

بىر ئادەمنىڭ ھەممىلا ئىشنى قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ، لېكىن بۇ ئۇنىڭ يامان ئىش قىلىشىدىكى سەۋەب بولۇپ قالماسلىقى كېرەك .

— ھېنرى داۋىد تورېئاۋ

مەن دېھقانلار بىلەن تېرىقچىلارنى ياخشى كۆرىمەن ، ئۇلاردا ئالىملارچە سۆلكەتمۇ يوق ، كۆڭۈل قويۇپ يالغاننى توقۇشنىمۇ ئۆگەنمىگەن .

— مونتېسكيۇ

**ئەگەر سىز مۇرەككەپ ئەقلىي خۇلاسە ئارقىلىقلا شەرھلەشكە بولىدىغان بىر خىل ھەرىكەتنى بايقىسىڭىز ، ئۇنداقتا بۇ خىل ھەرىكەتنى ئاقىلانە ئەمەس دەپ ھۆكۈم قىلىڭ . چۈنكى ۋىجدانغا باب ھۆكۈملا ھەمىشە بىۋاستە ھەم ئاددىي بولىدۇ .**

## 5 _ ئاينىڭ 28 _ كۈنى **بايلىقىڭىزنى توغرا ئىشلىتىڭ**

كىشىلەر ماددىي مەنپەئەتكە شۇ قەدەر ئېتىبار بېرىدۇكى ، ھەتتا كىشىلەرنىڭ روھى _ ئەرۋاھىغا ھەمدە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پاك مۇناسىۋەتنىڭ رېئاللىقتىكى ئىپادىلىنىشىگە باھا بەرگەن ۋاقىتتىمۇ ، ھەمىشە ئۆزلىرىنىڭ ماددىي مەنپەئەتىنى قانداق ياخشىلاش مەۋقەسىدە تۇرىدۇ . ئۇلار بىر ئادەمنىڭ ھۆرمەتكە ئەرزىيدىغان _ ئەرزىمەيدىغانلىقىنى بەلگىلەشتە ، ئادەتتە ئۇلارنىڭ قانچىلىك قىممەتلىك مەنىۋى بايلىققا ئىگە بولغان _ بولمىغانلىقىنى ئەمەس ، بەلكى قانچىلىك مال _ دۇنياسى بارلىقىنى ئۆلچەم قىلىدۇ .

— رالف ۋالدو ئېمېرسون

غايەت زور بايلىققا بولغان ئىگىدارچىلىق تەكەببۇرلۇق ، رەھىمسىزلىك ، تەمەننالىق ۋە شاللاقلىقنى بىخستىپ چىقىرىدىغان ئىللىق چۈشەكتۇر .

بايلاردا سەزگۈرلۈك كەمچىل بولىدۇ دېگەندىن كۆرە ھېسداشلىق كەمچىل بولىدۇ دېگەن تۈزۈك . كېيىنكىسى ئادەمنى تېخىمۇ

ئېچىنىشلىق ھېس قىلدۇرىدۇ.

— ژان. ژاك. روسسو

**سىز نامراتلارغا ئانچە ھۆرمەت قىلمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، لېكىن ئۇلارغا ھېسداشلىقىڭىزنى بىلدۈرۈشىڭىز كېرەك. باي ئادەم ئۆز بايلىقىدىن مەغرۇرلانماسلىقى لازىم، بەلكى بۇ بايلىقلارنى توغرا ئىشلىتىشى كېرەك.**

5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى **مۇقەددەس ۋىجدان**

بىردىنبىر ئېنىق ۋە ئاداققى ھەقىقەت ۋىجدانغا باب ھەقىقەتتۇر.

ئايىغىم ئاستىدا مۇزدەك تۇپراق؛ ئەتراپىمدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان دەرەخلەر؛ باش ئۇستۇمدە بوشلۇقتا يېيىلىپ تۇرغان كۆپ-كۆك تۇمان. بەدىنىمنى ھېس قىلالايمەن، ئوي - پىكرىمنىڭ خىلمۇخىل ئىدىيەلەرگە ئىگىلىنىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلالايمەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماڭا يەنە شۇنىسىمۇ مەلۇمكى، بارلىق نەرسىلەر، يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان مۇزدەك قىرو بىلەن قاپلانغان زېمىن، دەل - دەرەخ، ئاسمان، تېنىم، مەپكۇرەم پۈتۈنلەي تاسادىپىيلا يارىتىلغان، بۇ پەقەت بىر ۋاقىتلىق دۇنيا، مېنىڭ بەش خىل سەزگۈ ئەزايىمنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ مەھسۇلى. مەن ياراتقان بۇ دۇنيا پەقەت ئۇنىڭ بىر قىسمى بولغانلىقى ئۈچۈنلا مەۋجۇت، شۇڭا مەن ئۆزۈمنى بۇ دۇنيادىن ئايرىۋەتتىم. ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمنى بىلىمەن، لېكىن بۇ دۇنيا يوقالمايدۇ.

ئۆلۈم مەندە بەزى ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ، لېكىن مەن ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگىرىپ كەتمەيمەن، مەن يەنە بىر ئادەمگە ئايلىنىمەن، بۇ دۇنيا بىلەن ئايرىلىمەن. ھازىر مەن ئۆزۈمنى چۈشىنىمەن، ئەمدى ئۆزلۈكىمدە پۈتۈنلەي ئۆزگىرىش بولىدۇ.

بۇنداق ئۆزلۈكنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق ، يەنە كېلىپ مۇشۇ دۇنيادىن مۇستەسنا ھالدا مەۋجۇت بولىدۇ .

ئادەمنىڭ ۋىجدانى بىر خىل مۇقەددەس ۋىجدان .

5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى **تۇغما ھوقۇق ـ مەنپەئەت**

مېنىڭ زېمىنىم خۇددى مېنىڭ خاراكتېرىمگە ئوخشاش سېتىۋېلىش ۋە سېتىش ئوبيېكتى بولالمايدۇ . زېمىن ئېلىپ ـ سېتىشنىڭ كەينىگە ئادىمىيلىكنى ئېلىپ ـ سېتىش جەريانى يوشۇرۇنغان .

زېمىن تەبىئەتنىڭ ئىنسانلارغا تەقدىم قىلغان ئەڭ ياخشى سوۋغىسى . بۇ دۇنياغا تۇغۇلغان ھەربىر ئىنسان بالىسىنىڭ زېمىنغا ئىگە بولۇش ھوقۇقى بار . بۇ خىل ھوقۇق خۇددى بىر ئادەم ئانىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەندەك تەبىئىي بولىدۇ .
— ژان فرانسوۋا مانونتېل

جەمئىيىتىمىزدە ، بىر ئادەم ئۆزى ئۇخلايدىغان جايغا ھەق تۆلىمىسە ئۇخلىيالمايدۇ . پەقەت يول ماڭغان چاغدىلا ، ئۇ ئاندىن ھاۋاغا ، سۇغا ياكى يورۇقلۇققا ھەقسىز ئېرىشەلەيدۇ . ئۇنىڭ ئىلكىدىكى بىردىنبىر ھوقۇق مۇشۇ يولنى بويلاپ مېڭىش ، ھارغىنلىق يېتىشتىن ياكى ماڭالمايدىغان بولۇپ قېلىشتىن ئىلگىرى مېڭىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش كېرەك .

ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ تېنى ، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ بالىلىرى سېتىلماسلىقى كېرەك . سۇ ، تۇپراق ۋە ھاۋامۇ ئوخشاش ، چۈنكى بۇ نەرسىلەر بىزنىڭ ھاياتلىق مەۋجۇدىيىتىمىزدىكى زۆرۈر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

شەرتلەردۇر.

— جون رۇسكىن

كىشىلەرنىڭ بۇ دۇنيادا كۆرەش قىلىشى ھەرگىزمۇ ھەقىقىي گۈزەل نەرسىلەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خۇسۇسىي مۈلۈك دەپ ئاتىلىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئىگە بولۇش.

## 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى روھىي خۇشاللىقىڭىزنى ساقلاڭ

زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرىغا ئادەتلەنمىگەن، لېكىن تۇساتتىنلا مۇشۇنداق نەرسىلەرگە ئىگە بولۇپ قالغان بىر ئادەم ئۆزىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ مۇھىم كۆرسىتىش ئۈچۈن ھەمىشە ھەيران قالمىغان قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ، ھەتتا پەرۋا قىلمىغان بولۇۋالىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەر، ئەخمەق ـ گالۋاڭلار ھەمىشە تۇرمۇشتىن بىزار بولۇۋاتقاندەك، ئالىقانداق بىرەر قىزىقارلىق نەرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ.

روھىي خۇشاللىق — كۈچ ۋە قۇدرەتنىڭ نامايەندىسىدۇر.

— رالف ۋالدو ئېمېرسون

مۇقەددەس پىرىنسىپتىن تايمايدىغان بىر ئادەمدىن باشقىلارنىڭ نەزەرىدە پاراغەت ۋە بايلىق دەپ قارالغان نەرسىنى تارتىۋالغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئادەم يەنىلا خۇشاللىق ھېس قىلىدۇ.

قورسىقىنى نابۇت قىلىۋالغان بىر ئادەم ھەمىشە ئۆزى يېگەن تاماقنى تەنقىدلەيدۇ، قورۇما ۋە تائاملارنى ياخشى ئەمەس دەيدۇ؛

ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى تۇرمۇشىدىن نارازى بولىدىغان ئادەممۇ شۇنداق قىلىدۇ.

تۇرمۇشىمىزنى بەختسىز دەپ قاراشقا ھەددىمىز ئەمەس. ئەگەر تۇرمۇشىمىزدىن نارازى بولۇۋاتقانلىقىمىزنى بايقىساق، بۇنى ئۆزىمىزدىن نارازى بولۇشىمىزدىكى بىر سەۋەب دەپ قارىساق بولىدۇ.

**بەختكە ئېرىشمەكچى بولسىڭىز، بەختلىك بولۇش مۇمكىنچىلىكىڭىزنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىڭ.**

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

## 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى   كۆڭۈل ئېچىش ۋە خىزمەت

بىز تۇرمۇشتىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشنى ھەمىشە رەت قىلىمىز، سەۋەب — بىزنىڭ ئورۇندىمىساق بولمايدۇ دەپ قارىغان خىزمەتلەر بىلەن زىيادە ئالدىراش بولۇپ كەتكەنلىكىمىزدىندۇر. ئەمەلىيەتتە، بىز كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك، چۈنكى ئازادە، خۇشال- خۇرام كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى بەزىدە باشقا ئىشلاردىنمۇ مۇھىم بولۇپ قالىدۇ.

ئادەتتىكى ئەھۋالدا، ئالدىراشلار پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن ئىشلار بىزەمۇ مۇھىم ئەمەس، ھەتتا بەزىدە ئۇنداق ئىشلارنى قىلماسلىق كېرەك.

رەھىمسىز كىشىلەر ھەمىشە ئالدىراش بولۇپ يۈرىدۇ، خۇددى ئۆزلىرىنىڭ رەھىمسىزلىكىگە ھەققانىي سەۋەب تاپماقچى بولغاندەك.

ھەمىشە، بەزىلەر شۇنداق خاتا قاراشتا بولىدۇكى، ئۇلارچە كۆڭۈل ئېچىش مۇھىم ئەمەس، بەزىدە ھەتتا گۇناھ بولىدۇ. كۆڭۈل ئېچىش خۇددى خىزمەتكە ئوخشاشلا مۇھىم، يەنە كېلىپ خىزمەتنىڭ ھەققىدۇر. خىزمەتنى تىنىم تاپماستىن چەكسىز داۋاملاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. شۇڭا دائىم مۇئەييەن مەزگىللىك كۆڭۈل ئېچىشنى زۆرۈر دەم ئېلىش ۋاستىسى قىلىش كېرەك.

كۆڭۈل ئېچىش پەقەت مۇنداق ئۈچ خىل ئەھۋالدىلا جىنايەت بولۇپ شەكىللىنىدۇ: ئارزۇيىمىزنى مەڭگۈ قاندۇرغىلى بولمايدى- غاندەك ھېس قىلىپ، باشقىلارنى خىزمىتىمىزگە سېلىش زۆرۈر بولغاندا، رىقابەت خاراكتېرلىك ئويۇن لايىھەلەپ، كىمنىڭ ئەڭ چوڭ ياكى ئەڭ كۆپ كۆڭۈل ئېچىش پۇرسىتىدىن بەھرىمەن بولى- دىغانلىقىنى بەلگىلىگەندە، كۆڭۈل ئېچىش ئايرىم بىر توپ كىشى- لەرنىڭ ھوزۇر ئەرمىكى بولۇپ قالغاندا، بىراق ئەگەر بۇنداق ناچار خاھىشلاردىن ساقلانغىلى بولغاندا، كۆڭۈل ئېچىش، بولۇپمۇ ياش- لار ئۈچۈن گۇناھ ھېسابلانمايدۇ، بەلكى بىر خىل ساغلام ئىستەك- كە ئايلىنىدۇ.

خىزمەت بىلەن كۆڭۈل ئېچىشنى دەملەشتۈرۈپ ئېلىپ بارغان- دىلا، تۇرمۇشىمىز ئاندىن خۇشاللىققا چۆمۈلىدۇ. گەرچە ھەربىر خىزمەت ۋە ھەربىر كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىدە بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولمىسىمۇ.

**ھېچ ئىش قىلمىساق قىلمايلىكى، ھېچكىمگىمۇ زى- يان- زەخمەت يەتكۈزمەيلى.**

## 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئۆزىڭىزنىلا ئويلىماڭ

ئۆزىنى ئۇستۇن چاغلىغانلار، ھامان ئۆزىنى پەس چاغلايدۇ؛ ئۆزىنى پەس چاغلىغاندىن كېيىن، يەنە ئۆزىنى ئۇستۇن تۇتۇشقا تىرىشىدۇ.

— «ئىنجىل لۇقا»دىن

تاپانداپ دەسسەپ ئۇزۇنغىچە ئۆرە تۇرغىلى بولمايدۇ، لېكىن ئۆزىچە چانمايدۇ دەپ قارايدۇ.

— لاۋزى

ئەقىل ئىزدەۋاتقان ئادەم ئەقىللىقتۇر ، ئالىقاچان ئەقىل تاپ-تىم دەپ قارايدىغانلار ئىنتايىن دۆتتۇر .

— شەرق ئەقلىيەسى

سېنى پەس قىلالايدىغان ھېچقانداق تاشقى كۈچ يوق ، سېنى پەس قىلىدىغان نەرسە پەقەت بىرلا : ئۆزۈڭنىلا ئويلىما ، بەلكى قانداق قىلغاندا باشقىلارنىڭ خىزمىتىدە بو-لالايمەن دېگەننى ئويلا .

## 6 – ئاينىڭ 3 – كۈنى شەيئىلەر بىر - بىرىگە تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ

مەيلى ئۇلار بىلسۇن - بىلمىسۇن ، بارلىق جانلىقلار ئايرىل-ماستىن ئۆزئارا باغلىنىپ تۇرىدۇ .

مەن نىجات تېپىشنى مەڭگۈ قوغلاشمايمەن ھەم راۋا كۆرمەي-مەن ، مەن يەككە - يېگانە قانائەت تاپقۇم يوق ، مەيلى قاچان ، قەيەردە خىزمەت قىلاي ، مەن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ۋە بارچە جانلىقلارنىڭ نىجات تېپىشنى ئارزۇ قىلىمەن . مەن مۇشۇ نىشا-نىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىمەن . بارلىق جانلىقلار نىجاتلىققا ئېرىشىشتىن ۋە ئازادلىققا چىقىشتىن ئىلگىرى ، مەن جىنايەت ، رەھىمسىزلىك ۋە كۈرەش بىلەن تولغان بۇ دۇنيادىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمەن .

— قەدىمكى جۇڭگو ئەقلىيەسى

سەمىگىزدە بولسۇنكى ، سىز بۈيۈك مەنىۋى بىرلەشمىنىڭ بىر قىسمىسىز . سىزگە تىنچلىق ، قانائەتلىنەرلىك ئوي - پىكىرلەر يار بولغان ھەم شۇنداقلا خۇشاللىق ۋە ئارامخۇدالىق يار بولغاي .

— ماركۇس ئاۋرېلىيۇ

ئىنسانىيەت بارا ـ بارا تونۇپ يەتتىكى، بىز يا بىرلىكتە ئىلگىرىلەيمىز، يا بىرلىكتە چېكىنىمىز، بىز بىر ـ بىرىمىزگە مەھكەم باغلانغان، خۇددى بىللە تۇرمۇش كەچۈرگەنگە ئوخشاش، كىشىلەر قەلبىمىزدە شۇنداق دەۋاتقان بىر خىل ئاۋازنى بارغانسېرى ئېنىق ئاڭلىماقتا.

— لۇتسى مالورى

**شەخسىي خەير ـ ساخاۋەت ۋە شەخسىي گۇناھ پۈتكۈل ئالەمدە خەير ـ ساخاۋەت ۋە گۇناھلا تارقىتىدۇ.**

6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى **دانا خوجايىن تېپىڭ**

بىر ئادەم ئاددىي بىر چاكار بولۇشى كېرەك، لېكىن ئۇ كىمنىڭ چاكىرى بولۇشنى تاللىشى كېرەك: ئەگەر ئۇ ئۆز ھېسسىياتىنىڭ قۇلى بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ باشقىلارنىڭ قۇلى بولىدۇ؛ ئەگەر ئۇ ئۆز روھىنىڭ قۇلى بولسا، ئۇ خۇدانىڭ قۇلى بولىدۇ.

ئەڭ ياخشىسى دانا بىر خوجايىن تېپىڭ.

كىشىلەرنىڭ پارىغلىق تېپىش ـ تاپالماسلىقى ئۇلارنىڭ ئوي ـ پىكرىنى توغرا يۆنىلىشكە يېتەكلەيدىغان مۇستەقىل مۇتەپەككۇرغا باغلىق.

— رالف ۋالدو ئېمېرسون

**ئوخشاشمىغان ئوبيېكت، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە قانۇن ـ نىزاملارغا بولغان ھۆرمەت قانچە كۆپ بولغانسېرى، سىز ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئالاھىدە ھۆرمەتكە ئېرىشىشتىكى ئىمتىيازىدىن شۇنچىكى گۇمانلىنىشىڭىز كېرەك.**

www.uyghurkitap.com

## 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى **ھاياتلىق بۆلىكى**

ئەگەر بىز تاشقى دۇنيانى كۆرۈۋاتقىنىمىز بىلەن تامامەن بىردەك دەپ قارىساق ، ئۇنداقتا بىز باشقىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ، ئېڭى بىزنىڭكى بىلەن ئوخشاشمايدىغان كىشىلەرنى ئىنكار قىلغان بولىمىز .

مەن جىسىملارنى كۆزەتكەن ۋاقتىمدا ، ھەمىشە ئۇلارنىڭ تاشقى شەكلىنى كاللامدا ئاللىقاچان مەۋجۇت نۇقتىئىنەزەرلەر بىلەن بىرلەشتۈرىمەن . ئەگەر ئۇپۇقتا بىرەر رەڭلىك نەرسە كۆرسەم ، دەرھال يىراقتا ئاپئاق بىر ئىبادەتخانا بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن . ئەجەبا بىز ئىلگىرىكى تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىمىزگە ، تەسەۋۋۇرلىرىمىزغا ئاساسەن ، ھەربىر شەيئىگە ئىلگىرى ئاللىبۇرۇن مەۋجۇت بىر خىل شەكىلنى ئاتا قىلالامدۇق ؟

بىز شۇنى بايقايمىزكى ، ئەگەر بۇ دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەرنى خۇدانىڭ سىپاتىدىلا مەۋجۇت بولىدۇ ، دەپ قارىساق ، يەنە كېلىپ بۇ دۇنيادىكى ھەربىر مۇقەددەس شەيئى ھازىرلىغان ئىلاھىيلىق يارىتىلغان بولسا ، ئۇلارنىڭ ئورنى ۋە ۋاقتىغا مۇناسىپ ھالدا ئىككى خىل مەۋجۇدىيەت شەكلى بولغان بولىدۇ .

— بېنېدىكتۇس سپىنوزا

**ئەمەلىيەتتە ، تاشقى دۇنيا ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، بىز كۆرگەندىكىدەك بولمايدۇ . شۇڭا ، بۇ دۇنيادىكى بارلىق ماددىي نەرسىلەر ئانچە مۇھىم ئەمەس . ئۇنداقتا ، مۇھىمى زادى نېمە؟ جاۋاب شۇكى ، ھەر ماكان ، ھەر زاماندا مەۋجۇت بولىدىغان ، ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن مەۋجۇت بولمىسا بولمايدىغان نەرسە — مۇقەددەس ئۈچقۇن ، ھاياتىمىزنىڭ مۇقەددەس بۆلىكى .**

## 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى **يامانلىق**

يامانلىق بىر ئادەمنىڭ روھىنى نابۇت قىلىپلا قالماي، بەلكى يامانلىق قىلغۇچىنىڭ ئۆزىنىمۇ جازالايدۇ.

كىشىلىك ھاياتتىكى ئەڭ كاتتا گۈزەل ئەخلاق ھەرقانداق يامانلىقتىن ئۆزىنى تارتماقتۇر، دۈشمىنىڭىز بولغان تەقدىردىمۇ، ناۋادا ئۆزىڭىزگە ھۆرمەت قىلسىڭىز، يامانلىق قىلماڭ، ئەڭ ئەرزىمەس گۇناھ بولغان تەقدىردىمۇ.

**— ھىندى ئەقلىيەسى**

توپنى ئاسمانغا ئاتقان ۋاقتىڭىزدا، توپ ھاۋادا توختاپ تۇرماستىن يەرگە چۈشىدۇ. ئوخشاشلا مەيلى سىز قايسى يولنى تاللىماڭ، سىزنىڭ بارلىق ياخشىلىقىڭىز بىلەن يامانلىقىڭىز ئۆز ئارزۇيىڭىز بويىچە يەنە بىر خىل شەكىلدە ئۆزىڭىزگە يانىدۇ.

**— بۇددا ئەقلىيەسى**

يامانلىق قىلغۇچىلار جىنايىتى پىشىپ يېتىلمىگەن چاغدا ئىنتايىن خۇش بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ پىشىپ يېتىلگەندە بولسا، ئېمىنىڭ جىنايەت ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭ گۇناھى خۇددى تەتۈر شامال ئۇچۇرتۇپ چىقارغان چاڭ ـ توزانلارغا ئوخشاش، ئۇنىڭ ئۆزىگە چۈشىدۇ.

مەيلى ئاسماندا بولسۇن، ياكى يەردە بولسۇن، چوڭقۇر تاغ ئارىسىدا بولسۇن ياكى دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدە بولسۇن، ئۆزى قىلغان گۇناھنىڭ جازاسىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ.

**— «ئەھكاملار»دىن**

قىساسىنى ئۇنتۇپ كېتەلمىگەن بىر ئادەم ئۆز جاراھىتىنى

www.uyghurkitap.com

يامانلاشتۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆزىنى تۈتۈۋالالىسا، ئۇنىڭ يارىسى دەرھاللا پۈتىدۇ.

— فرانسىس باكون

**گۇناھ ـ جىنايەت غەزەپلەنگەن يىرتقۇچقا ئوخشاش خەۋپلىك بولىدۇ. بۇ دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئەھۋاللاردا، گۇناھ ـ جىنايەت ئەڭ رەھىمسىز، ئەڭ ئەسەبىي شەكىلدە گۇناھ سادىر قىلغۇچىنىڭ ئۆزىگە ئېتىلىدۇ.**

## 6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تەكەببۇرلۇق قىلماڭ

سوغۇققانلىق ۋە كەمتەرلىك ئادەمنى شادلاندۇرىدۇ، لېكىن شەخسىيەتچى ۋە تەكەببۇر كىشىلەر بۇ خىل شادلىق بىلەن ئالاقىسىز بولىدۇ.

بەختلىك تۇرمۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى كىشىلەر بىلەن ئىناق ئۆتۈشتە. ھالبۇكى، تىنچلىق مەنزىلىدىكى ئەڭ چوڭ توسالغۇ تەكەببۇرلۇقتۇر. كەمتەر ئادەم بولۇش كېرەك، باشقىلارنىڭ خاتا ئەيىبلەشلىرىدىن قورقماسلىق كېرەك، ھەممىنى كۆتۈۋېلىشقا ھازىرلىنىپ قويۇش كېرەك؛ مۇشۇنداق بولغاندىلا، سىز ئاندىن باشقىلار بىلەن ئىناق مۇناسىۋەتنى ساقلىيالايسىز، ئاندىن باشقىلارنىڭ ھاياتىغا تىنچلىق بەخش ئېتەلەيسىز.

— «ئىنجىل مەتتا»دىن

تەكەببۇرلۇق ھەمىشە ئۆزىنى ئاقلايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆزىنى ئاقلاپلا قالماستىن، يەنە باشقا جىنايەتلىرىنىمۇ ئاقلايدۇ. ئۇ كەمتەرلىكتىن نەپرەتلىنىدۇ، شۇڭا داۋا تېپىشنى رەت قىلىدۇ ھەمدە جىنايەت ۋە گۇناھقا چاپان يېپىدۇ ۋە ئۇنى ئاقلايدۇ. گۇناھنى تونۇش ئادەمگە ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ ئۇ ياخشىلىقتىنمۇ بەك كېرەكلىكتۇر. چۈنكى ياخشىلىق بەزىدە تەكەببۇرلۇق كەيپىياتىغا

يان باسىدۇ .

ئىنتىزامدا قاتتىق بولۇپ ، باشقىلارغا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلسا ، دۈشمەنلىك بولمايدۇ .

— جۇڭگو ئەقلىيەسى

**ئەگەر سىز ھاقارەتنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلـ-سىڭىز ، ئۇنداقتا ھاقارەتلىنىشتىن قورقماڭ . سىز نەچچە ھەسسە تۆلەمگە ئېرىشىسىز ، يەنە كېلىپ بۇ خىل تۆلەم دەل خۇدا كەمتەرلىكىڭىز ئۈچۈن سىزگە ئاتا قىلغان بەخت-تۇر .**

## 6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى  **ئىشنى كىچىكتىن باشلاڭ**

ھەقىقەت بولمىسا ، رەھىمدىللىك بولمايدۇ ؛ رەھىمدىللىك بولمىسا ، ھەقىقەتنى سۆزلەيدىغانلار بولمايدۇ .

ھەمىشە يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش كېرەك . قىيىنلىق ئاسانلىقتىن شەكىللىنىدۇ ، چوڭلۇق كىچىكلىكتىن باشلىنىدۇ . جاھاندىكى قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشتا ئاساندىن قول سېلىش كېرەك ، كاتتا ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ئىشنى كىچىكتىن باشلاش لازىم .

— لاۋزى

گۈزەل ئەخلاق مەنزىلىگە ئاپىرىدىغان يول ئىككى : بىرىنچە-سى ، سەمىمىي ۋە ھەققانىي ئادەم بولۇش ؛ ئىككىنچىسى ، ھەرقان-داق جانلىققا يامانلىق قىلماسلىق .

— مانى

**ياخشى ئادەم قىياپىتىگە كىرىۋالغانلار قىپيالىڭاچ نو-مۇسسىزلىقتىنمۇ شەرمەندىدۇر .**

www.uyghurkitap.com

## 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئارازچىلىقنى تۈگىتىڭ

ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرى ئەمگەكچىلەرنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتىشكە قارىتىلمىدى، بەلكى بىكار تەلەپ تەبىقىدىكىلەرنىڭ چېچىلاڭغۇ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ شادلاندۇرۇۋەتتى.

ئەگەر بىراۋ يېتەرلىك يىراق جايدىن بىزنىڭ بۇ دۇنيايىمىزنى كۆزىتىدىغان بولسا، ئۇ بۇ دۇنيادىكى هەددى ـ هېسابسىز ئەخمىقانىلىكلەرنى ۋە غەزەپلىك كەيپىياتلارنى بايقايدۇ، بۇ بايقاشلار ئۇنى هەيران قالدۇرۇشى مۇمكىن. بىز شۇنچىۋالا كۆپ كۈلكىلىك، ئەخمىقانە، ئېتىنقسىز ۋە نەپرەتلىك ئىشلارنى قىلىپتۇق. بەزىلەر ياۋايى هايۋانلارنى تۇتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆزى هايۋانغا ئايلىنىدۇ؛ يەنە بەزىلەر يۈك توشۇيدىغان چارپايلارنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ، هالبۇكى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلارغا نەزەر كۆزى چۈشمەيدۇ. يەنە باشقىلار كۆپلىگەن پۇل ـ پۇچەكلەرنى سەرپ قىلىپ، كاتتا تۇرالغۇ ـ ئىمارەتلەرنى سالىدۇ، لېكىن لاماكانلارغا هېچقانداق ياردەم بەرمەيدۇ. بەزىلەر پايدا قوغدىشىشنىلا بىلىدۇ، بەزىلەر شاللاقلىق بىلەن پۇل ـ ئاقچىلارنى سورۇۋېتىدۇ، يەنە بەزىلەر ئوغرى، قاراقچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ.

مۇشۇ ئۆتكۈنچى ئۇسۇللار ۋە شەرمەندىچىلىكلەرنىڭ كەينىدە، بىزنىڭ كۆرىدىغىنىمىز ئۆزىمىزنىلا ئويلاپ، بۇ دۇنيادىكى ئەڭ موهتاج كىشىلەرنى خىيالىمىزغا كەلتۈرمەسلىكىمىزدۇر.
—— سانت جون كرىسوستو

باللارنى چوڭلارغا هۆكۈمرانلىق قىلدۇرۇش، ساراڭلارنى ئەقىللىقلارغا يول باشلىتىش تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئوخشاشلا، زور تۈركۈمدىكى ئاچ ـ زېرىن كىشىلەرنىڭ ئەڭ

ئاساسىي ئېھتىياجى كاپالەتلەندۈرۈلمىگەن ۋاقىتتا ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ زىيادە يەپ ـ ئىچىشىمۇ تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ .

**دۇنيادا ئۆز ھاياتىغىزنى تەسەددۇق قىلىشقا ئەرزىيدىغان بىرلا ئىش بار : ئۇ بولسىمۇ كىشىلەر ئارىسىدا تېخىمۇ كۆپ مېھىر ـ مۇھەببەت پەيدا قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارازچىلىقنى تۈگىتىش .**

## 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى **ھەقىقىي ھايات**

باشقىلارنى يېڭەلىگەن ئادەم باتۇر ئادەمدۇر ؛ ئۆزىنى يېڭەلىگەن ئادەمنى ھېچكىممۇ يېڭەلمەيدۇ . ئۆلۈمگە يېقىنلىشىپ قالسىمۇ ئۆزىنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقىنى بىلىدىغان ئادەم ئۆمرى ئۇزۇن ئادەمدۇر .

— لاۋزى

كىشىلەر بىر خىل يۇزەكى ئوبراز ياكى خۇدانىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە پانىي دۇنيادا ياشايدۇ . شۇڭا ئۇلار ئۇزۇل ـ كېسىل ئۆلۈپ كەتمەيدۇ . ئۇلار بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىن يوقىلىدۇ ، لېكىن ئۆلمەيدۇ .

بىر ئادەمنىڭ سىيماسى نەزەرىمدە ئۇزۇنغىچە ساقلىنىدۇ ، يەنە بىر ئادەم بولسا نەزەرىمدىن ناھايىتى تېزلا يوقىلىدۇ . لېكىن مەن بىرىنچى ئادەمنىڭ تۇرغان ۋاقتى ئۇزۇن ، ئىككىنچى ئادەمنىڭ تۇرغان ۋاقتى قىسقا دېيەلمەيمەن . بىر ئادەمنىڭ دېرىزەم ئالدىدىن تېز ياكى ئاستا ئۆتۈشى مۇھىم ئەمەس ، شۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىلكى ، بۇ ئادەم نەزەرىمگە چۈشۈشتىن بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىدى ، يەنە كېلىپ ئۇ نەزەرىمدىن يىتكەندىن كېيىنمۇ داۋاملىق

www.uyghurkitap.com

مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ .

سىز ئەبەدىيلىك تۇيەيلى ئۆلۈمىدىن قورقمايدىغان ئاشۇ قىسمەن روھقا ھامىي بولۇشىڭىز كېرەك ، ئاشۇ قىسمەن روھ مۇھەببەتتۇر .

**ھەقىقىي ھاياتلىق ، ماكان بىلەن زاماندىن مۇستەسنا ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . شۇڭا ، ئۆلۈم ھاياتلىقنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئىپادىلىنىش شەكلىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ ، لېكىن ھاياتلىقنىڭ ئۆزىگە بۇزغۇنچىلىق قىلالمايدۇ .**

6 ــ ئاينىڭ 11 ــ كۈنى **گۇناھنىڭ يىلتىزى**

ئادەمنىڭ ھېسسىياتى ۋە ھەرىكىتىدە ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن ، ئادەمنىڭ ئىدىيەسى ۋە كۆزقارىشىدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن . ئىدىيە بىلەن ئۇقتىئىنەزەردە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ، زېھنىي كۈچىڭىزنى مەنىۋى ئېھتىياجىڭىزغا يىغىشىڭىز كېرەك .

بىر ئادەمنى ئىگىلىگەن ئىدىيە مەيلى ئىپادىلەنسۇن ـ ئىپادىلەنمىسۇن ، يا ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدۇ ، يا ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى ئالغا سىلجىتىدۇ .

**ــــ لۇتسى مالورى ماللورلى**

گۇناھتىن غالىب كەلمەكچى بولساڭ ، شۇنى ئېتىراپ قىلىشىڭ كېرەككى ، ھەربىر گۇناھنىڭ مەنبەسى مۇئەييەن بىر خىل ئىدىيەگە يىلتىز تارتقان بولىدۇ . بىز پەقەت ئىدىيەنىڭ مېۋىلىرىلا خالاس .

**ــــ سىدھارتا**

ئاقچا بىلەن لىق تولغان بىر ھەميانىنى يىتتۈرۈپ قويغانلىقىمىزدىن جەزمەن ئۆكۈنىمىز . ھالبۇكى ، مۆئەييەن بىر خىل قىممەتلىك ئىدىيىنى ئاڭلىساق ياكى ئوقۇساق ، ئەسلىدە ئۇنى خاتىرىلىۋېلىشىمىز ياكى ئۇنى تۇرمۇشقا تەتبىقلىشىمىز كېرەك ئىدى ، ئۇ بەلكىم پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى . لېكىن بىز ئۇنى يوقىتىپ قويىمىز ، ناھايىتى تېزلا بۇ خىل ئىدىيەنى ئۇنتۇپ كېتىمىز ، ھالبۇكى بىز بۇنىڭدىن ئەسلا ئۆكۈنۈش ھېس قىلمايمىز ، گەرچە ئۇنىڭ قىممىتى ئالەمچە بولسىمۇ .

**مەنىۋى تۇرمۇشتىكى ئۆزگىرىشلەرگە سېلىشتۇرغاندا كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى بارلىق مۇھىم ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھەممىسى تولىمۇ ئەرزىمەستۇر .**

## 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى **جاپانىڭ ھالاۋىتى**

رىيازەت چېكىش ۋە جەبىر ـ جاپا تارتىش روھىي ۋە جىسمانىي تەرەققىياتنىڭ زۆرۈر شەرتى .

تارتقان جاپالىرىمىز بەك كۆپ بولۇپ كەتكەچكە ، ئادەتتە جاپا چېكىشنى خالىمايمىز دەيمىز . لېكىن جاپا مەيلى قانداق جاپا بولسۇن ، بىز ئۇچۇن پايدىلىق . بەزىدە ، بىز جەبىر ـ جاپا تارتىپ رىيازەت چېكىشنىڭ پايدىلىقلىقىنى بايقايمىز ؛ بالىلار ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ياكى كىر ـ توگىرىلار قاپلاپ كەتكەن جاراھەتلىرىنى يۇيغان ۋاقتىدا قىينىلىپ جاپا تارتىدۇ .

بىز ئەخلاقىي جەھەتتىكى رىيازەتنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرۈشكە ئامالسىزمىز ، لېكىن بۇ كۆلپەتلەرمۇ بىزنى ئوخشاشلا ئالغا باستۇرىدۇ .

— لارىف ۋالدو ئېمېرسون

سەن كەلگۈسىدە ئېرىشىدىغان مەنىۋى ئۇرۇقلىرىڭنى كۆلپەتلىرىڭدىن ئىزدىشىڭ كېرەك. بولمىسا، قىينالغان چاغدىكى ئازابلىرىڭ ئىنتايىن قاتتىق بولىدۇ.

## 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى   ئەقىل ۋە قابىلىيەت

ئەقىل بىزنىڭ ھايۋانلاردىن پەرقلىنىپ تۇرۇشتىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكىمىز.

بۇددا دەيدۇكى: «مەن ئويغا چۆككەندە، نۇتۇق سۆزلىگەندە، تۇرمۇشتا، ئۆگىنىشتە ئەڭ مۇھىم بولغان ئاشۇ ئىشنى — ئەقلىي ئېھتىياجنى ئەسلا ئۇنتۇپ قالمىدىم.»

ئەخلاق بىلەن ئەقىل ھامان بىردەكتۇر.

ئەگەر ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان بىر ئادەم ئەقىللىق بىر ئادەم بىلەن سۆھبەتلىشىپ قالسا، قوشۇق ئېغىزىغا كىرگەندىن كېيىن قائىدىگە دىققەت قىلىپ تۇرمىغانغا ئوخشاش، نۇرغۇن قائىدىلەرنى ئۆگىنىۋېلىشى مۇمكىن ئەمەس.

— شەرق ئەقلىيەسى

ئىنسانىيەتنىڭ رەھىمدىللىكى ۋە ئاق كۆڭۈللۈكىگە مۇراجىئەت قىلماي تۇرۇپ، بىز ھېچقانداق بىر ئادەمنى ئالغا ئىلگىرىلىدەلمەيمىز.

— ئىممانۇئېل كانت

ئۆزىنىڭ ئەقىل كۈچىگە سەل قارايدىغان ھەم باشقىلارنى يېتەكلەشكە ئامالسىز دەپ ھېسابلايدىغان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى پالاكەتكە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

**ھەممە ئادەمنىڭ ئەقىل كۈچى ئوخشاش بولىدۇ، ھالبۇكى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ئىدراكىي ئاساستا ئېلىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا، ھەربىر ئادەم ئەقىلنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىشى كېرەك.**

## 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى **باشقىلارنى ئەيىبلىمەڭ**

ئەگەر باشقىلارنى ئەيىبلىمەسلىككە تىرىشسىڭىز، تۇرمۇشتا كۆپ يەڭگىللىشىپ قالىسىز، ھالبۇكى نۇرغۇن كىشىلەر مۇشۇنداق كىچىككىنە تىرىشچانلىقنىمۇ قىلمايدۇ.

ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە مۇنداق بىر ھېكايە بار: بىر زاھىت چۈشىدە ناھايىتى بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەن ھەممە تولىمۇ ئاجىز بىر كىشىنى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇ كىشى بۇ چاغدا ئۇجماغدىكى ئىنتايىن گۈزەل ۋە كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى كەلتۈرىدىغان بىر جايدا تۇرۇۋاتقانىكەن. «شۇنچىۋالا زەئىپ ـ ئاجىز تۇرۇپ قانداقسىگە مۇشۇنداق بىر جايغا ئورۇنلاشتىڭىز؟» سوراپتۇ زاھىت. «چۈنكى، — دەپتۇ ئۇ كىشى جاۋابەن، — ھاياتىمدا ئەزەلدىن بىر ئادەمنى ئەيىبلەپ باقمىغانىدىم.»

مەيلى سىز كىم بولۇڭ، كىشىلەر ھەققىدىكى بۇ ھۆكۈملىرىڭىزنى ھېچكىمگىمۇ دۆڭگەپ قويالمايسىز، سىز قايسى ئىشتا باشقىلارنى ئۇنى ـ بۇنى دېسىڭىز، ئۆزىڭىزگە شۇ ئىشنىڭ گۇناھىنى ئارتىسىز. چۈنكى سىزنىڭ كىشىلەر ھەققىدىكى بۇ ھۆكمىڭىزگە يارىشا قىلغان ـ ئەتكەنلىرىڭىزمۇ كەم بولمايدۇ.

— **«زەبۇر، رىملىقلار»دىن**

ئۆزىڭىزگە باھا بەرگەن ۋاقىتتا قانچىكى قاتتىق، رەھىمسىز

بولسىڭىز ، كىشىلەرگە باھا بەرگەندە شۇنچىكى ئىللىق ، مۇلايىم بولىسىز .

— كۇڭزى

باشقىلارنى ئەيىبلەش ۋە كەمسىتىشتىن زوقلىنىپ كەتمەڭ . ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ھەمىشە باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ ، ھەتتا ئۆزىگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزگەن ئادەم بولغان تەقدىردىمۇ . ئىلگىرىكى گۇناھلىرىغا تۆۋا قىلغان كىشىلەرنى ھە دېسىلا زىغىرلا-ۋەرمەڭ .

— «تالمۇت»تىن

**ئۆزىڭىز مۇتلەق گۇناھسىز بولمىغۇچە ، باشقىلارنىڭ گۇناھى توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماڭ ، جىم تۇرسى-ڭىزلا بولدى . باشقىلارنى ئەيىبلىمەي ئادەتلەنسىڭىز ، شۇنى ھېس قىلىسىزكى ، مۇھەببەت ئىقتىدارىڭىز ۋۇجۇ-دىڭىزدا بارغانسېرى كۈچىيىدۇ . سىز يەنە تۇرمۇشتا ئۆ-زىڭىزنى بارغانسېرى رەھىمدىللىشىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىسىز .**

6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى **ئەركىن ئۆسۈپ يېتىلىڭ**

ناۋادا بىر ئادەمنىڭ كاللىسى دائىم بېكىنۋېلىپ ھەمدە ھەمە-مىلا يەردە چەكلەنسە ، ئۇ ناھايىتى ئاسانلا تەبىئىي ئەركىنلىككە ئەمەس ، سۈنئىي چەكلىمىلەرگە ھۆرمەت قىلىدىغان بولۇپ قا-لىدۇ .

ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ يىگىلەۋاتقانلىقىنى ، چاكىنا ، پەسكەش ، تەسىر كۈچى يوق ، دوست - بۇرادەرسىز ، ياشلىق بەرقى ۋە ھاياتىي كۈچى يوقلۇقىنى ، خۇددى ياپراقلىرى سولغان ، ۋۇجۇدى-دىن ھاياتلىق ئىزنالىرى يىتكەن ، پەقەت قۇرۇق قاقشال شاخلار

ۋە ھالاكەت ئىزنالىرى قالغان ــ ئاللىقاچان ئۆلگەن، پەقەت تىرىك مۇردا بولۇپ قالغان بىر تۈپ كېسەل دەرەخكە ئوخشاپ قالغانلىقىنى كۆرەلمىسەڭ، ئۇ چاغدا سېنى چوقۇم ئىنچىكە، ئەستايىدىل بىر كۆزەتكۈچى دېگىلى بولمايدۇ.

ــ رۇدېر بوبانكا

ئەگەر تۇرمۇشقا بەك ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغاندا، ئۇنىڭ قىممىتى زادى نېمە بولار؟ ئەگەر ئەتىگەندە بىز ئويغىنىپ يېڭى خۇشاللىق ھېس قىلمىساق، ئەگەر كېچىلەر بىزگە يېڭى خۇشال-لىقلارغا بولغان تەلپۈنۈشلەرنى بەخش ئېتەلمىسە، ئۇنداقتا يەنە كىيىنىش - يېشىنىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟ قۇياشنىڭ بۈگۈن باش ئۇستۇمدە ۋاللىداپ پارلىشى ماڭا تۈنۈگۈننى ئەسلىتىشمۇ؟ ماڭا پەرەز قىلغىلى ۋە ئىگىلىگىلى بولمايدىغان ئەتىكى تەقدىرنى پەرەز قىلدۇرۇش ۋە ئىگىلىتىش ئۈچۈنمۇ؟

ــ گيوتې

**شۇنى شەرتسىز چۈشىنىشىمىز زۆرۈركى، ھەرقانداق ئادەم ئەگەر ھەقىقەتكە بولغان قىزغىن مۇھەببىتى تۈپەيلى ئۆزى ھەقىقەت دەپ قارىغان نەرسىنى قوبۇل قىلىشنى راۋا كۆرمىسە، ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ پىسخىكىلىق مۇكەممەللى-كىگە زىيان يەتكۈزىدۇ.**

## 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى **ئەخلاقىي تەرەققىياتقا ئىنتىلىڭ**

ئىجتىمائىي تەرەققىيات پەقەت شەخسنىڭ ئەخلاقىي تەرەققىيا-تى ئارقىلىقلا ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئىنتىزام، مەدەنىيەت ۋە مەدەنىيلىك دەۋرىمىزنىڭ بەلگىسى، لېكىن ئەخلاق ئۇنداق ئەمەس. نۆۋەتتىكى ئەھۋاللاردىن كۆرە شۇن-داق دېيەلەيمىزكى، كىشىلەرنىڭ بەختى ئېشىۋاتىدۇ، ھالبۇكى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بەختسىزلىكىمۇ ئېشىۋاتىدۇ.

ئەگەر كىشىلەر ئالىيجاناب ئەخلاققا ئىگە بولۇشنى بىلمىسە، بىز ئۇلارنى قانداقمۇ بەختلىك قىلالايمىز؟ ئۇلار ئەقىللىق بولۇشقا ئامالسىز؟

— ئىمانۇئېل كانت

> تۇرمۇشتىكى بارلىق جىنايەتلەردىن غالىب كېلىدىغان بىرلا ئۇسۇل بار: ئۇ بولسىمۇ ئۆزىڭىزنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشىدا ئەخلاقىي، مەنىۋى ۋە ئېتىقاد جەھەتتىكى مۇ- كەممەللىكنى قوغلىشىش.

## 6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۇرۇشنىڭ باھانىسى

ئۇرۇش پەيدا قىلغان بەختسىزلىكلەر بىلەن ئۇرۇش تەييارلىقى ۋە ئۇرۇش قوزغاش ئامىللىرىنى چۈشەندۈرۈشتە پايدىلىنىلغان سەۋەبلەر قىلچىمۇ مۇناسىۋەتسىز. ھەقىقىي سەۋەب ئادەتتە ئانچە مۇھىم ئەمەس، ھەتتا تىلغا ئېلىنىشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ، ئۇرۇش داۋامىدا ئۆلۈپ كەتكەن ئاشۇ كىشىلەر بۇ سەۋەبلەرنى ئەسلا بىلمەيدۇ.

بەزىلەر پادىشاھلىقنىڭ مەنپەئەتى، ئورتاق مىللىي ئىستەك، ياۋروپانىڭ تەڭپۇڭلۇقى ياكى يىراق كەلگۈسىدىكى ئۇلۇغۋار ئارمانلىرىنى دەپ دەۋرىمىزدىكى ئەخمىقانە ئۇرۇشلار ئۈچۈن ھەققانىي سەۋەب ئىزدىمەكتە. ئەگەر كىشىلەر قەلبىدە ئۇلۇغۋار ئارزۇ بولىدىغان بولسا، ئۇنى مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولۇش ئادەمنى تولىمۇ گاڭگىرىتىپ قويىدۇ. چۈنكى كىشىلەر ئۇرۇش داۋامىدا ھەرخىل - ھەرياڭزا خېيىم - خەتەرلەرگە ئۇچراپ تۇرىدۇ: يۇرت - ماكانلىرى ۋەيران بولىدۇ، بۇلاڭ - تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىققا ئۇچرايدۇ.

— ئاناتول فرانسىس

ئەگەر سىز مەندىن مەدەنىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ئۇرۇش قوز-غىشى زۆرۈرمۇ؟ دەپ سورىسىڭىز ، مەن سىزگە شۇنداق دەيمەنكى ، «ئاللىبۇرۇنلا» زۆرۈرىيىتى قالمايلا قالماستىن ، بەلكى ئەزەلدىنلا زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى ، ئۇرۇش گاھى - گاھىدا ئەمەس ، بەلكى ھەمىشە ئىنسانىيەتنىڭ نورمال تەرەققىياتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلى-دۇ ، ھەققانىيەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ ، تەرەققىياتقا توسالغۇ بو-لىدۇ .

— گالستون خېرىنك

پەقەت ئۇرۇش مەزگىللىرىدىلا ، نەچچە مىليونلىغان كىشىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن ئۇيان - بۇيان قىلىنىدىغانلىقىنى ئېنىق بايقاي-مىز . مىليونلىغان كىشىلەر ئۆز قىلمىشلىرىنى ئەخمىقانىلىك ، خەۋپلىك ، ئازابلىق ، شەرمەندىلىك دەپ قارىسىمۇ ، لېكىن ئۇلار بۇ ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان چاغدا ئىپتىخار بىلەن تولغان ھەمدە بۇ ئىشلار بىلەن داۋاملىق شۇغۇللانغان .

**ھۆكۈمەتنىڭ ئۇرۇشنى ئاقلاپ كۆرسەتكەن باھانىلىرى ھەمىشە چىرايلىقتا ئوخشايدۇ ، چىرايلىقنىڭ كەينىدە پۇ-تۈنلەي ئوخشاشمايدىغان سەۋەب ۋە مۇددىئا بولىدۇ .**

## 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى **ئەخلاق ۋە بەخت**

مەجبۇرىيىتىمىزنىڭ ئېنىق بولۇشى بىزگە ئۆزىمىزنىڭ مۇ-قەددەس روھىنى چۈشەندۈرىدۇ . ئوخشاشلا ، مۇقەددەس روھى-مىزنى چۈشىنىشمۇ بىزگە ئۆز مەجبۇرىيىتىمىزنى ئۆزىمىزگە ئېنىق قىلىدۇ .

روھىمىزدا شۇنداق بىر نەرسە باركى ، ئەگەر بىز ئۇنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆرەلىگەن ھەمدە ئۇنىڭغا مۇۋاپىق دىققەت - ئېتىبارىمىزنى بېرەلىگەن بولساق ، ئۇ بىزنى چەكسىز خۇشاللىقتا

نائىل قىلغان بولۇر ئىدى ؛ بۇ نەرسە دەل بىزنىڭ تۇغما ئەخلاقىمىز بىلەن ئالاقىدار بولغان مايىللىقىمىز ۋە خىسلىتىمىزدۇر .

— ئىمانۇئىل كانت

كىشىلەر چەكسىز شادلىققا نائىل بولالايدۇ . بىدئەت ، ھەدىگەندىلا گۈزەل تۇرمۇشنى ئارزۇلايدىغان ئاشۇ كىشىلەر جىسمانىي خۇشاللىققىلا ئىگە بولالايدۇ . ئەگەر سىز روھىي ۋە قەلب پاكلىقىنى ساقلىيالىسىڭىز ، مۇقەددەس جەننەت سىزگە قۇچاق ئاچىدۇ .

— ھىندى ئەقلىيەسى

ئەگەر قەلبىڭىز گۈزەل ئەخلاق بىلەن تولغان بولسا ، ئۇنداقتا سىز بەخت ۋە گۈزەللىكنى جەزمەن تاپالايسىز .

— رالف ۋالدو ئېمېرسون

ۋىجدانىڭىزدىن چىققان سادالا خۇدانىڭ ساداسىدۇر .

6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ۋىجدان ساداسى

ۋىجدانىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ مۇقەددەس كىملىكىڭىزگە بولغان تونۇشىڭىزدۇر . پەقەت مۇشۇنداق ئاڭغا ئىگە بولغان ۋاقتىڭىزدىلا ، ئۇ ئاندىن تۇرمۇشىڭىزنىڭ ھەقىقىي رەھنەماسىغا ئايلىنىدۇ .

ھەربىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا ئوخشاشمىغان ئىككى ھاياتلىق يوشۇرۇنغان بولىدۇ : بىرى ، قارىغۇ — سەزگۈ ئەزالىرىغا تايىنىپ مەۋجۇت بولىدۇ ؛ يەنە بىرى ، كۆرىدۇ — روھقا تايىنىپ مەۋجۇت بولىدۇ .

روھقا تايىنىپ مەۋجۇت بولىدىغان ھاياتلىق ۋىجدان دەپ ئاتىلىدۇ ، بۇنى كومپاس ئىستىرېلكىسىغا تەققاسلاشقا بولىدۇ ، بىر ئۇچى ياخشىلىقنى كۆرسىتىپ تۇرسا ، بىر ئۇچى رەزىللىكنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ . ئاق كۆڭۈللۈك (ياخشىلىق ) تىن ئېغىش ئالدىدا ،



www.uyghurkitap.com

بىز بۇ ئىستىرېلكىنى كۆرەلمەيمىز ، بىرەر يامانلىق سادىر قىلىپلا سالساق ، بىز بۇ ئىستىرېلكىنىڭ تۇرمۇشتىكى ياخشىلىق يۆنىلىشىدىن ئېغىپ كەتكەنلىكىنى بايقايمىز .

— مادزىنى

ئېھ ۋىجدان ، سەن جەننەتنىڭ پۈتمەس سادالىرىدىن كەلگەن !

— ژان .ژاك .روسسو

ياشلىق مەزگىلى قايناق ھاياجانغا تولغان ۋە ئاسان قايمۇقىدىغان بىر مەزگىلدۇر . ۋەھالەنكى بۇ مەزگىلدە سىز ۋىجدانىڭىزنىڭ سادالىرىغا قۇلاق سالسىڭىز ھەمدە ئۇنى ئۆزىڭىزنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك رەھنەمايىڭىز قىلىۋالسىڭىز . ئىش - ئەمەلىم ۋىجدانىمغا مۇۋاپىق كەلدىمۇ ؟ دەپ ئۆزىڭىزدىن سوراشنى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇماڭ . يولىڭىزنىڭ باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاشماي قېلىشىدىن ئەنسىرىمەڭ .

— تېئودور پاك

ۋىجدانىڭىز راۋا كۆرمىگەن نەرسىنى جەزمەن رەت قىلىڭ !

## 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈش جىنايەتتۇر

مەلۇم بىر مەزگىلگىچە ، كىشىلەر ئادەم گۆشىنى ئوزۇقلۇق قىلىپ كەلگەن ، يەنە كېلىپ بۇنى ھېچقانداق نامۇۋاپىقلىق دەپ قارىمىغان ؛ بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇنداق ياۋايىلار ھېلىھەم مەۋجۇت . كىشىلەر ئادەم گۆشى يېيىشنى بارا - بارا توختاتتى ؛ ھازىر ئۇلار ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنىمۇ تەدرىجىي توختىتالمىدى . ئۇزۇن - كېيىن توختاشقا يەنە بىر مەزگىل بولسىمۇ ، بىراق ھامان بىر كۈنى ، كىشىلەر ئادەم گۆشىگە مۇئامىلە قىلغاندەك ، ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېمەيدىغان بولىدۇ .

— ئالفونس لامارتىن

بوۋاقلارنى يېتىم قىلىپ باشقىلارغا بېرىۋېتىش ، ئۆزئارا ئېلىشىش مۇسابىقىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ، جىنايەتچىلەرنى ئۇرۇپ خورلاش ھەمدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەدەنىيەتسىز ئىشلار بىلەن

www.uyghurkitap.com

شۇغۇللىنىش ئىنتايىن قورقۇنچلۇقتۇر. كەلگۈسى ھامان بىر كۈنى، ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈش ھەمدە ئۇلارنىڭ گۆشىنى يېيىش ئادەم قوبۇل قىلالمايدىغان قىلمىش بولۇپ قالىدۇ.

— جون گېئورگى ۋون زىمېرمان دوكتور

قېرىنداشلىرىڭلارغا قول كۆتۈرۈپ قارشى تۇرماڭلار، يەر شارىدىكى ھەرقانداق جانلىقنىڭ قېنىنى تۆكمەڭلار، ئىنسانىيەتتىندمۇ قىرماڭلار، ئەرمەك ھايۋانلىرىڭلارنى، ياۋايى ھايۋان ۋە قۇشلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. قەلبىڭلارنىڭ چوڭقۇر يېرىدە بىر مۇقەددەس ئاۋاز سىلەرنىڭ مۇشۇنداق قانلىق ۋەقە پەيدا قىلىشىڭلارنى توسۇيدۇ. سېنىڭ مۇنداق قىلىشىڭ ھاياتلىققا زىيان يەتكۈزگەنلىك، ھالبۇكى بۇ ھاياتلىقنى مەڭگۇ ئەسلىگە كەلتۈرەلمەيسەن.

— ئالفونس لامارتىن

بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزدە، ھۇزۇر - ھالاۋەت قوغلىشىپ ھايۋانلارنى سېتىش ۋە ئۆلتۈرۈش ئاساسەن دېگۈدەك جىنايەت ھېسابلىنىدۇ، ھايۋانلارنى ئوۋلاش ۋە ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىش ئەسلا كىچىك ئىش ئەمەس، بەلكى پەسكەشلىك، بۇ باشقا پەسكەشلىكلەرگە ئوخشاش كىشىلەرنى باشقا قەبىھلىكلەرنى قىلىشقا يېتەكلەيدۇ.

## 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تۇرمۇشنى ئاقىلانە ئۆتكۈزۈڭ

ئاقىلانە بولمىغان تۇرمۇش پەيدا قىلغان ئازاب بىزنى ئاقىلانە تۇرمۇشقا ئىنتىزار قىلىدۇ.

بىز ئەقىلنى ئۈچ خىل شەكىل بىلەن چۈشىنىمىز: ئالدى بىلەن، تەپەككۇر قىلىپ ئويلىنىمىز، بۇ ئەڭ ئالىي بىر خىلى؛ ئىككىنچىسى، مەلۇم كىشىلەرنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىمىز ياكى باشقىلارنى تەقلىد قىلىمىز، بۇ ئەڭ ئاسىنى؛ ئۈچىنچىسى، تەجرىبە قىلىمىز، بۇ ئەڭ قىيىن بىر خىلى.

— كۇڭزى

رىيازەت چەككەندە، مۇشەققەتتىن قانداق قۇتۇلۇشنى ئويلىماڭ، بەلكى زېھنىڭىزنى يىغىپ، بۇنداق كۈلپەتتىن قانداق ئەخلاق

ۋە مەنىۋى پەللە ئارقىلىق غالىب كەلگىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈڭ .

ئىنسانىيەتنىڭ بەختسىزلىكى — مەيلى كوللىكتىپ بەختسىزلىك ياكى شەخسىي بەختسىزلىك بولسۇن ، پۈتۈنلەي بىھۇدىمۇ ئەمەس ؛ ئۇلار ئوخشاشمىغان تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق شەخسنى ياكى مىللەتنى ئالدىدىكى ئىنشانغا يېقىنلاشتۇرىدۇ .

## 6 — ئاينىڭ 22 — كۈنى سۆيگۈ دۇنياسى

بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەقلىي كۈچى ئارقىلىق چۈشىنىشكە ياكى تىل بىلەن ئىزھار قىلىشقا ئاجىز بولساقمۇ ، بىر خىل نەرسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشىنىمىز ، ئۇنىڭ راستتىنلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلىمىز .

مەيلى سىز قايسى دىنغا ئېتىقاد قىلىڭ ، ئوخشاشمىغان دىنىي ئېتىقادتىكى كىشىلەرگە ھۆرمىتىڭىزنى بىلدۈرۈشىڭىز كېرەك .

ئەگەر مۇھاكىمە - بايانلىرىڭىزدا غەزەپ ، ئاچچىق دېگەنلەر بولمىسا ، يەنە كېلىپ پىكرىڭىزنى ئەركىن ، راۋان داۋاملاشتۇرالىشىڭىز ، بۇ سىزنىڭ خىراماندىق مەنزىلىگە يەتكەنلىكىڭىزنى چۈشەندۈرىدۇ .

ئېيتىلىشچە ، ھەربىر دىنىنىڭ ئېتىقاد ئوبيېكتى ئوخشاش بولىدۇ ، ھەربىر ئادەم مۇھەببەت ۋەسلىنى ئىستەيدۇ ، پۈتكۈل دۇنيا سۆيگۈ - مۇھەببەت دەرگاھىغا ئايلىنىشى كېرەك .
— ئىسلام ئەقلىيەسى

دېلىغۇللۇقتىن قورقماڭ ، ئوخشاشمىغان ئېتىقاد ۋە دىنىي ئەقىل بىلەن تەتقىق قىلىڭ .

## 6 — ئاينىڭ 23 — كۈنى ھەقىقىي بىلىم

ئەگەر بىر قول ئۆز ھالىغا قانائەت قىلسا ، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ھالى قۇللۇقنىڭ ئىككى باراۋىرىچە ئېچىنىشلىق بولىدۇ . چۈنكى

قۇللۇق ئىسكەنجىسىدە ئۇنىڭ جىسمىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ روھىمۇ بولىدۇ.

— ئېپىكتېت

تىنچلىقنىڭ نىسپىي بولۇشى ئېيتقۇسىز بەختتۇر. ئەگەر تىنچلىق بىر قۇلغا نىسپىي بولسا، بۇ بەخت بولماستىن، بىر خىل بەختسىزلىكتۇر. تىنچلىق — ھەربىر ئادەمنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان ئاساستا ئەركىنلىككە ئېرىشىشتۇر؛ قۇللۇق ئادەمنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتى ۋە كىشىلىك قەدىر-قىممىتىنىڭ ئىنكار قىلىنىشى. شۇڭا، بىز ھەرقانداق بەدەلگە قارىماي تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز، قۇللۇق تۈزۈمىنى يوقىتىشىمىز كېرەك.

— مارك تۇللىئو سىتسېرو

سەمىڭىزدە بولسۇنكى، ئەگەر سىز پىكرىڭىزنى ئۆزگەرتىپ، خاتالىقىڭىزدا جاھىللارچە چىڭ تۇرۇۋالماي، خاتالىقىڭىزنى تۈزەتكەن كىشىگە رىئايە قىلسىڭىز، سىز تېخىمۇ كۆپ ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولىسىز.

— ماركۇس ئاۋرېلىيۇ

ھەقىقىي بىلىم پەقەت بىرلا: يەنى بىزنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشىشىمىزگە ياردەم بېرەلەيدىغان بىلىم، باشقا ھەرقانداق تەرزدىكى بىلىم پەقەت كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن تەتبىقلانغان.

— ھىندى ئەقلىيەسى

## 6 – ئاينىڭ 24 – كۈنى مىننەتسىز سۆيگۈ

ئۆلۈم ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر ۋە دىققەتچانلىق ئادەمنى ئۆزى رازى بولىدىغان ئىشلارنى تاللاپ قىلىشقا ئۈندەيدۇ، مانا بۇلار ھەقىقىي مۇھىم ئىشلاردۇر.

بەلكىم ناھايىتى تېزلا ئۆلۈپ كېتەرسىز، لېكىن ھاياجانلىق ھېس - تۇيغۇلىرىڭىزغا بەرھەم بەرگۈدەك ۋاقتىڭىز بار. بارلىق كىشىلەرگە كەمتەرلىك كۆرسىتىشىڭىز كېرەك.

— ماركۇس ئاۋرېلىيۇ

روھ ئۆلمەيدۇ ، شۇڭا مەنىۋى تۇرمۇشقا ئېتىبار بەرگەن ئادەم ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ .
— سپىنوزا

ئۆلۈپ كېتىدىغان ئاشۇ پەيتلەرنىڭ يېتىپ كېلىشىدىن خاۋا-تىرلىنەمسىز ؟ ھاياتىمىز مەڭگۈلۈكتىكى بىر دەقىقە ، خالاس . ئۇي-لىنىپ باقسىڭىزلا ، ئالدى - كەينىڭىزنىڭ مەڭگۈلۈك بىلەن قا-رارلاشقانلىقىنى بايقايسىز . بۇ ئىككى ھالەت ئارىسىدا ئۈچ كۈن ياكى ئۈچ ئەسىر ياشاشنىڭ نېمە پەرقى بولسۇن ؟
— ماركۇس ئاۋرىلىۇ

مەيلى قانداق ۋاقىتتا بولسۇن ، ئۇنداق ياكى مۇنداق ئىپادىلەر-دە بولۇشىڭىز كېرەكمۇ ، يوق؟ ناۋادا بۈگۈن ئاخشاملا ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىش بولسا ، يەنە كېلىپ بۇنى ھېچكىم بىلمىسە ، قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلىنىپ باقتىڭىزمۇ ؟ ئۆلۈم ھەمىشە كى-شىلەرنى ئىشلىرىنى تاماملاپ بولۇشقا ئىندىقلايدۇ ، بارلىق ئىش - ئەمەللەر ئىچىدە ئەڭ مۇكەممىلى مىننەتسىز سۆيگۈدۇر .

**ئەقىللىق ئادەملەر ئۆلۈمگە قارىغاندا ھاياتلىق ھەق-قىدە كۆپرەك ئويلايدۇ .**

## 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى **گۈزەل ئەخلاقنى مەشىق قىلىپ يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ**

تۇرمۇشىمىز بىلەن ھەرىكىتىمىزنىڭ كىشىلەرگە قانداق تە-سىر قالدۇرىدىغانلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈش ئىنتايىن مۇھىم .

ئوبدان ياشىشىڭىز كېرەك ، باشقىلار سىزگە يۇقىرى باھا بەرسۇن ، ئۆزىڭىزگىمۇ يۇقىرى باھا بېرەلەيدىغان بولۇڭ .
— لۇتسى مالورى

ئاشۇ كەمچىللىك - نۇقسانلىرىڭىز باشقىلارنى تەڭقىسلىقتا قويسىمۇ ۋە سەۋرسىزلەندۈرسىمۇ ، ئۆزىڭىز ئۈچۈن ھېچ كارايىتى بولمايدۇ ، چۈنكى سىز ئۇ ئىللەتلەرنى كۆرەلمەيسىز . باشقىلارنىڭ ئاشۇنداق نۇقسانلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىۋاتقان ۋاقتىڭىزدا ئۆزى-

ڭىزنى تەسۋىرلەۋاتقانلىقىڭىزغا دىققەت قىلمايسىز.

— ۋان .دې. برۇين

يۈكسەك پەزىلەت بىلەن مەشھۇر بولماقچى بولسىڭىز، ئەڭ ئاددىي ، ئەڭ تېز ۋە ئەڭ دەل ئۇسۇل ئۆزىڭىزنى ئىسمى - جىسمىغا لايىق يۈكسەك پەزىلەتلىك ئادەم قىلىپ چېنىقتۇرۇپ چىقىش. ھەربىر گۈزەل ئەخلاقنى دىققەت بىلەن كۆزەتسىڭىز، ئۇلارنىڭ قېتىرقىنىپ مەشىق قىلىش ئارقىلىق يېتىلدۈرۈلگەنلىكىنى بايقايسىز.

— سوقرات

بىر ئادەم كەم سۆز بولسا، كىشىلەر ئۇنى - بۇنى دەيدۇ. يەنە بىر ئادەم بىر تالاي گەپ قىلسا، كىشىلەر يەنە ئۇنى - بۇنى دەيدۇ. ئۈچىنچى بىر ئادەم ئانچىكىم سۆز ئېچىپ قالسا، كىشىلەر يەنىلا بىر نېمە دەيدۇ. قارىغاندا، بىر ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭ ئەيىبلىشى ۋە گەپ - سۆزىدىن خالىي بولۇشى بەك تەس ئوخشايدۇ.

— «ئەدەپ - ئەركانلار»دىن

ئەگەر بىر ئادەمنىڭ كۈچى ئۆز بالىلىرى ۋە دوستلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا ساقلانسا ياكى باشقا ۋاقىتلىق شەيئىلەردە ساقلانسا، سىز ئۇنى بەختلىك ئادەم دەپ ئېيتالامسىز؟ ئۇنىڭ ئېرىسلزادە دۆلەتمەنلىكى ھەش - پەش دېگۈچە توزۇپ كېتىدۇ. شۇڭا، باشقا ھېچقانداق ياردەم كۈتمەڭ، بەلكى ئىچكى ئۆزلۈك كۈچىڭىزگە تايىنىڭ.

— دىموسنى

ئىش - ھەرىكىتىڭىزنى ئەسلا ئاقلىماڭ.

## 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئەقىل ۋە مۇھەببەت

مۇھەببەت كىشىلەرگە تۇرمۇش نىشانى بەخش ئېتىدۇ، ئەقىل ئاشۇ نىشانغا يېتىشتىكى ۋاستىنى تەمىنلەيدۇ.

دۇنيا ۋەزىيىتىدە ، بىر ئادەم بەك بولسا بىر تال چىلخوزا ياكى بىر تال دورىلىق ئۆسۈملۈك ۋە ياكى سازلىقتىن ئۈنۈپ چىققان بىر تال گىياھ . ۋاھالەنكى ، ئۇ مۆئەييەن بىر خىل ئەقلىي كۈچكە ئىگە گىياھ .

— بلايز پاسكال

ئىنسانىيەت ئەقىلگە ئىگە بولغانلىق شارائىتىدىنلا باشقا ھاي- ۋانلاردىن پەرقلىنىدۇ ، بەزىلەر ئۆزىنىڭ ئەقلىنى تىرىشىپ تەرەق- قىي قىلدۇرىدۇ ، يەنە بەزىلەر بولسا ئەقىلگە پەرۋا قىلمايدۇ ، خۇددى ئۆزلىرىنى ئادەتتىكى ھايۋانلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان باشقا خىسلەتلىرىنى ئىنكار قىلغانغا ئوخشاش .

— شەرق ئەقلىيەسى

**بىر ئادەمنىڭ ئەقلى يېتەرسىز بولسا ، ئۇ ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى پەرق ئېتەلمەيدۇ ، شۇنىڭ بىلەن ، ئۇ ھەقىقىي ياخشىلىققا ھەم ئېرىشەلمەيدۇ ، ھەم ئىگىمۇ بولال- مايدۇ .**

## 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى **بەختلىك تۇرمۇش**

بەختلىك تۇرمۇش ئۈنۈملۈك تىرىشىپ ئىشلىگەن كىشىلەرگىلا نېسىپ بولىدۇ .

ئەگەر بەختلىك ياشاي دېسىڭىز ، ياخشى ئىش قىلىشتىن ھەر- گىز باش تارتماڭ . كىچىك ئىش دەپ قاراپ ئەجىر قىلماي قالماڭ ، كاتتا ئىش بولغاچقىلا كۆپ ئەجىر قىلماق زۆرۈر .

— لاۋزى

ۋۇجۇدىڭىزدا قىممەتلىك بىر خىسلەت بولسا ، ئۇ سىزنىڭ تۈنجى خىتابىڭىز بىلەنلا زاھىر بولمايدۇ . ئەگەر ھېچقانداق ئەجىر مۇشەققەت ۋە تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسىڭىز ، ئۇ ھەرگىز ئايان بولمايدۇ ، ئاسانلىقچە سىزگە ئەسقاتمايدۇ .

— رالف ۋالدو ئېمېرسون

www.uyghurkitap.com

تىلىسەڭلار تىلىگىنىڭلار بېرىلىدۇ. ئىزدىسەڭلار ئىزدىگىنىڭلار ھازىر بولىدۇ. ئىشىكنى چەكسەڭلار، ئىشىك ئېچىپ بېرىلىدۇ. چۈنكى نېمىنى تىلىسەڭلار شۇنىڭغا يېتىسىلەر، نېمىنى ئىزدىسەڭلار، شۇنى تاپىسىلەر. ئىشىك چېكىلسە ئىشىك ئېچىلىدۇ.

— «ئىنجىل مەتتا»دىن

ياخشىلىقنى ئارمان قىلىسىڭىز، قەلب قانۇنىيىتىگە بويسۇنۇڭ. ھالبۇكى، قەلب قانۇنىيىتىگە بويسۇنماقچى بولىدىكەنمىز، چوقۇم تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك. بۇ تىرىشچانلىق سىزگە بەختىيارانە تۇرمۇش ئاتا قىلىپلا قالماي، بەلكى شۇنىڭ ئۆزىلا تۇرمۇشتىكى ئەڭ كاتتا بەختكە ھامىلە بولغاندۇر.

**ئالدىڭىزدىكى گۈزەل ئەخلاق مىزانى بويىچە ئىش قىلىڭ. بۇ بەلكىم ناھايىتى مۇشكۇل بىر ئىشتۇر. لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇ ئادەمنى بارغانسېرى يايرىتىۋېتىدىغان بولۇپ كېتىدۇ.**

6 – ئاينىڭ 28 – كۈنى **ئائىلە مۇھەببىتى**

ئائىلە نامى پەسكەش ئىش – ھەرىكەتلەردە ئەڭ كۆپ سۈيىئىستېمال قىلىنىدىغان باھانىلەرنىڭ بىرى. بەزىلەرنىڭ تۇرمۇشتىكى ئوغرىلىق، قىمارۋازلىق، شۇنىڭدەك باشقا ئىپلاس ئىش – ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى قۇۋلۇق – شۇملۇقلىرىنى چۈشەندۇرگەندە ئائىلە مۇھەببىتىگە مۇراجىئەت قىلمايدىغىنى يوق.

ئېتىكا نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئائىلىۋى مۇھەببەت ياخشى بولسۇن، يامان بولسۇن، خۇددى ئۆزىگە بولغان مۇھەببەتكە ئوخشايدۇ. بۇ ئىككى خىل مۇھەببەت ئوخشاشلا ئىنتايىن تەبىئىي بولىدۇ.

مەيلى ئائىلىڭىزگە بولغان مۇھەببەت بولسۇن ياكى ئۆزىڭىزگە

بولغان مۇھەببەت بولسۇن ، تېگىشلىك چەكتىن ھالقىپ كەتكەندە ، جىنايى ھەرىكەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ ، لېكىن ئۇلار تەبىئىي ھېسسىيات بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئەبەدىلىئەبەد گۈزەل ئەخلاق بولۇپ شەكىللىنەلمەيدۇ .

**ئائىلىۋى مۇھەببەت بىر خىل شەخسىيەتچىل ھېسسىياتتۇر . شۇڭا ئىپلاس ، شەرمەندە ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى ئاقلاشتا پايدىنىلسا بولىدۇ .**

6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى **مەيۈسلەنمەڭ**

مەيۈسلىنىش بىر خىل روھىي ھالەت ، بۇنداق ھالەتتە ، سىز ئۆز تۇرمۇشىڭىز بىلەن پانىي تۇرمۇشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بارلىقىنى ھېس قىلالماي قالىسىز . بۇ خىل ھالەت ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەرنى ئازابلاپلا قالماستىن ، يەنە كېلىپ ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ .

ھەقىقىي ياخشى ئادەملەر بۇنداق كۆڭۈلسىز كەيپىياتنى يالغۇزلۇق ئارقىلىق تۈگىتىدۇ . روھىي ھالىتىڭىز ياخشى بولمىغان ياكى كەيپىڭىز تۆۋەن ۋە ياكى تېرىكىپ قالغان چېغىڭىزدا ، سىز ھېچكىم يوق بىر جايغا كېتىڭ .

ئەگەر سىز ئۇچراتقانلىرىڭىزنىڭ ساپلا چۈشىنىكسىز ، خەۋپلىك نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى ، كىشىلەرگە پەقەت ناچار ۋە كۆڭۈلسىز ئىشلارنىلا ئېيتقۇڭىز كېلىۋاتقانلىقىنى بايقىسىڭىز ، ئۇنداقتا ئۆز تۇيغۇڭىزغا قەتئىي ئىشەنمەڭ .

مەڭگۈ مەيۈسلۈك ھېس قىلماڭ .

مەيلى جىسمانىي ئازاب بولسۇن ياكى روھىي جەھەتتىكى بىردەملىك مەيۈسلۈك بولسۇن ، ھەممىسى بىزنىڭ مۇشۇ دۇنيادىكى

تۇرمۇشىمىزنىڭ بىر قىسمىدۇر ، شۇڭا ئۇنىڭ قانداق نەتىجىلىنىدىغانلىقىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈشىمىز كېرەك . بولمىسا تۇرمۇشىمىز ئاخىرلىشىدۇ .

**ئادەم مەيلى قانداق چاغدا بولسۇن ، خۇشال ھېس قىلىشى كېرەك ، ئەگەر بىر ئادەم خۇشاللىق ھېس قىلالمىسا ، ئۇنداقتا بۇ ئۇنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ .**

## 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى  ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنى قۇتۇلدۇرۇڭ

بىر ئادەم «مەن قانداق قىلسام ئەڭ ياخشى شەكىلدە ياشىيالايمەن » دېگەن مەسىلىنى ئەستايىدىل ئويلاشقان ھامان ، باشقا قالدى مەسىلىلەرنىڭ جاۋابى ئۆزلۈكىدىن تېپىلىدۇ .

ھەقىقىي تۇرمۇش تاشقى دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلى بارلىققا كەلمەيدۇ ، بەلكى ئىچكى دۇنيانىڭ ، يەنى مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن بارلىققا كېلىدۇ ، گەرچە كېيىنكى خىل ئۆزگىرىشنى كىشىلەر ئاساسەن دېگۈدەك كۆرەلمەيدىغان بولسىمۇ .

ـــ «ئىنجىل لۇقا»دىن

ھەربىر ئادەم پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئەمەس ، ئالدى بىلەن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشى كېرەك .

ـــ ئالېكساندىر گرېتسېن

**كىشىلەر باشقىلار تۇرمۇشىمىزنى ياخشىلىيالايدۇ دەپ قانچىكى ئىشەنگەنسېرى ، ياخشىلىنىش شۇنچە ئاستا بارلىققا كېلىدۇ .**

图书在版编目(CIP)数据

生活值得过吗?：维吾尔文 / (俄罗斯) 托尔斯泰 (Tolstoy, L.N.) 著；徐晓云汉译；艾尔肯·伊布拉音·湃达维译. —乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社；新疆电子音像出版社，2010. 3
(中外名作欣赏)
ISBN 978-7-80744-967-6

I. ①生… II. ①托… ②徐… ③艾… III. ①托尔斯泰，L.N. (1828~1910)—人生哲学—维吾尔语(中国少数民族语言) IV. ①B821

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2010)第 041845 号

丛 书 名 中外名作欣赏
书 名 生活值得过吗 (上)
策 划 艾尔肯·伊布拉音·湃达
作 者 列夫·托尔斯泰 [俄罗斯]
译 者 艾尔肯·伊布拉音·湃达
责任编辑 买哈巴·买买提
特约编辑 艾尔肯·努尔
责任校对 迪丽努尔·阿布都热合曼
特约校对 阿布都热依木·阿不里米提
封面设计 豹纳斯艺术创想设计公司
出 版 新疆美术摄影出版社
新疆电子音像出版社
地 址 乌鲁木齐市西虹西路 36 号
邮 编 830000
电 话 0991-4690106
发 行 新疆新华书店
印 刷 乌鲁木齐精彩阳光印刷包装有限公司
开 本 880mm×1230mm 1/32
印 张 6.5
版 次 2010 年 3 月第 1 版
印 次 2010 年 3 月第 1 次印刷
书 号 ISBN 978-7-80744-967-6
总 定 价 25.00 元 (全二册)